ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ساداسى

# دوناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن




خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى نەشرىگە تەييارلىدى
International PEN Uyghur Centre 2012

# دۇناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى نەشرگە تەييارلىدى

International PEN Uyghur Centre 2012

www.uyghurpen.org

خىزمىتىمىزگە ئىقتىسادىي ياردەمدە بولغان ئورۇنلارغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز

Sida SWEDISH INTERNATIONAL DEVELOPMENT COOPERATION AGENCY

NED National Endowment for Democracy
Supporting freedom around the world

خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى نەشرگە تەييارلىدى

Address:

Sandgatan 2 22350 Lund Sweden 046-303000

www.uyghurpen.org

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسلەر مەزكۇر كىتاپتىكى مەنبەلەردىن ئاپتورنىڭ ئەمگىكىگە
ھۆرمەت قىلىش شەرتى ئاساسىدا پايدىلانسا بولىدۇ.

نەشريات:

DigitalTryckNu.se, Frölundagatan 64, 431 44 Mölndal
Tel: 031-475 200, info@digitaltrycknu.se

خەلقئارالىق تارقىتىش رۇخسەت نومۇرى:

ISSN: 1652-0165



يازغۇچى، شائىر ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

Aziz Isa Elkun

www.azizisa.org

# ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى

"ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر ساداسى: دوناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە" ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى يازغۇچى، شائىر ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن 1970 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي بويلىرىدىكى بوستانلىق يۇرت شايار ناھىيىسىنىڭ تويبولدى يېزا يېڭىچىمەن كەنتىدە دوختۇر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باللىق ۋە ئۆسمۈرلۈك يىللىرىنى يېزىدا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى شايار ناھىيىلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتىپىدە تاماملاپ ئۈرۈمچى (شىنجاڭ) ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەتئەل تىلى فاكۇلتېتى رۇس تىلى كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن.

ئەزىز ئەيسا ئەپەندى 1991 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ ئاقسۇدا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەي "12 دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى" گە مۇناسىۋەتلىك ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتلارغا باغلىنىپ 1992 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە ئىككى يىل رەسمىي نەزەربەندكە ئېلىنىدۇ ۋە ئاقسۇدىكى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن "مىللىي بۆلگۈنچىلىك" قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ خىزمىتىدىن ھەيدىلىپ تاكى 1999 - يىلى ۋەتەندىن ئايرىلغانغا قەدەر تۈرلۈك تەقىبلەش ۋە جازالاشلارغا ئۇچرايدۇ .

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدىلا باشلانغان بولۇپ تۇنجى ئەسىرىنى 1986 - يىلى ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىدۇ. ئۇ خىزمەتكە چىققاندىن تارتىپ تاكى ۋەتەندىن ئايرىلغانغا قەدەر تەقىب ئاستىدا ئۆتكەن يىللارنى ئاقسۇدا رۇس تىلى ئوقۇتقۇچى بولۇش، تەرجىمان بولۇپ ئىشلەش ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشلار بىلەن يىللارنى ئۆتكۈزۈپ، ئاقسۇ ئەدەبىياتى، ئاقسۇ گېزىتى قاتارلىق نەشر ئەپكارلىرىدا 100 پارچىغا يېقىن شېئىر ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 1999 - يىلى ئەتىيازدا ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ئەدەبىيات ۋە ئاخبارات ساھەلىرىدە ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت قىلىپ كۆپلىگەن شېئىرىي، ئەدەبىي ۋە ئاخبارات ئەسەرلەرنى يازىدۇ. ئۇيغۇر ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىرادىسى يۈرىكىگە مەھكەم پۈكۈلگەن ۋە بۇ يولدا بىر كۈنمۇ ئىزدىنىشنى، ئەجىر سىڭدۈرۈشنى توختاتمىغان ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ قىرغىزىستان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان "ۋىجدان ئاۋاز" گېزىتىدە "ئۇيغۇر ئوغلى" نامىدا ياردەمچى مۇھەررىر، كېيىن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى

قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان "شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى" ژۇرنىلىدا ۋە شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ نەشر ئەپكارى "ئىستىقلال" گېزىتىدە "ئۇيغۇر ئەزىزى" ئىسمى بىلەن مۇھەررىرلىك خىزمەتلىرىدە بولۇپ، 200 پارچىغا يېقىن شېئىر، ئوبزور، ئەدەبىي خاتىرىلەر ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدۇ .

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2007 - يىلى 9 - ئايدىن 2008 - يىلى 2 - ئايغىچە ئەنگلىيە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بۈيۈك بىرىتانىيە خەۋەر ئاگېنتلىقى (BBC) نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۆزبېك بۆلۈمىدە غەيرى رەسمى مۇخبىر ۋە تور يازغۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلدۇ ۋە بۇ جەرياندا خەلقىمىزنىڭ تارىخ ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت 10 نەچچە پارچە ئەسەر ۋە خەۋەر يېزىپ بىر قىسمىلىرىنى مەزكۇر ئاگېنتلىقىنىڭ تور بېكىتىدە ئېلان قىلدۇرىدۇ[1] .

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2004 - يىلى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرۇپ چىققاندىن بۇيان[2] ئەنگلىيە ۋە ياۋروپانىڭ ھەر قايسى دۆلەتلىرىدە ئۇيغۇر سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ئۇيغۇر ناخشا مۇزىكىسىنى مەركەزلىك تېما قىلغان ھالدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن بىرگە 2010 يىلىدىن بۇيان خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئەزا بولۇپ كىرىدۇ ۋە ئۇيغۇرنىڭ يېزىش، پىكىر ئەركىنلىكىنى قوغداش، تۈرمىدىكى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ھەق ھوقۇقىنى ھىمايە قىلىش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ.

ئاپتورنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە تەتقىقاتى ئاساسەن شېئىرى ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئۇيغۇر سەنئىتى ۋە ئۇيغۇر ئىنتېرنېت تورى، ئۇيغۇر سەزگۈر تارىخىي تېما ساھەلىرىگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىنتېرنېت توردا ئېلان قىلىنىپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈزكۆرۈشكەندىن سىرت بىر قىسىم ئەسەرلىرى 2011 - يىلى قازاقىستاندىكى "ئۇيغۇر ئاۋازى" گېزىتىدە نەشر قىلىنىپ ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن يۈزكۆرشىدۇ. ئاپتورنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىنگلىز تىلىدا يازغان بىرقانچە پارچە شېئىر ۋە ئىلمىي ماقالىلىرى ئەنگلىيەدىكى مەتبۇئاتلاردىمۇ نەشر قىلىندى.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2003 - يىلىدىن بۇيان ئايالى دوكتور رەيچېل ھاررىس بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر مۇزىكىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ساھەلىرى بويىچە بىرىتانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى، لوندون ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ئافرىقا ئىنستىتۇتى مۇزىكا فاكۇلتېتى ۋە ئۇنىڭ تارمىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا تەتقىقات مەركىزى قاتارلىق تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىدە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستانغا ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا بېرىپ، ئىگىلىگەن تەتقىقات مەنبەلىرى ئاساسىدا بىرقانچە كىتاب ۋە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلەرنى يېزىپ خەلقئارالىق ئىلمىي ژۇرناللار ۋە نەشرىياتلاردا ئىنگلىز تىلىدا نەشر قىلدۇرغان .

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2001 - يىلى ئەنگلىيەگە يەرلەشكەندىن كېيىن ئىنگلىز تىلى، كومپيۇتېر ئىلمى ۋە تور لايىھىلەش كەسپى بويىچە 2009 - يىلى لوندون

ئۇنىۋېرستېتى Birkbeck ئىنستىتۇتىنىڭ توربەت لايىھىلەش تېخنىكىسى ئالىي مائارىپ كەسپىنى لاياقەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن لوندوندا تور لايىھىلىگۈچى ۋە تەرجىمانلىق خىزمىتىنى قىلىپ كەلمەكتە.

ئەلكۈن ئەپەندى ھازىر خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ ئەزاسى ۋە دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، توربېكەت باشقۇرغۇچىسى، تۈرمىدىكى يازغۇچىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 9

ئۆزۈلمەس تارىخى رىشتە ................................ 21

ئورخۇن بويلىرىغا سەپەر .................................. 59

ئۇيغۇر توربەتچىلىكگە ئومۇمى نەزەر .................... 126

پايدىلانغان ماتىرىياللار ......................................... 161

# كىرىش سۆزى

مەملىكەت ئىزدىسەڭ ئادىل يولنى تۇت،
بولمىسا سەن ئۇنداق ھەۋەسنى ئۇنۇت.

ئابدۇراخمان جامى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر!

سىزنىڭ دىققىتىڭىزگە سۇنۇلۇۋاتقان ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى تەرىپىدىن تۈنجى قېتىم "ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر ساداسى" سەرلەۋھىسىدە نەشر قىلدۇرۇلغان ئۇشبۇ كىتابقا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ 2011 ـ يىلى ئىچىدە ھونلارنىڭ يۇرتى ۋېنگىرىيەگە ۋە ئاتا زېمىنىمىز بولغان ئورخۇن بويلىرىغا ئېلىپ بارغان ئۇنتۇلغۇسىز تارىخى ئەھمىيەتلىك سەپەرلىرى ۋە بۇ سەپەر جەريانلىرىدا ئېلىپ بارغان ئىلمي پائالىيەتلەر ھەققىدە يېزىلغان تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشلۈك ئەدەبىي ئاخباراتلار ۋە ئاپتورنىڭ بىرقانچە يىل جاپالىق ئىزدىنىشى ۋە توپلاپ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە يېزىپ چىقىلغان "ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمىي نەزەر" ناملىق ئىلمى تەتقىقات ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلۈپ، سىزلەرنىڭ ئوقۇشۇڭىزلار ئۈچۈن تەقدىم قىلىندى.

بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ ۋە ئۇنىڭ باش مەركىزى رەھبەرلىك ئورگىنى بولغان خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىش پىرىنسىپى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلۇش سەۋەبلىرى، مەقسىتى ھەققىدە قىسقا ئۇچۇر بېرىپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۇق.

ئىنسانىيەت، يېقىنقى قىسقىغىنە بەش ئەسىرلىك تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا مىليون يىللارنى بېسىپ كەلگەن يەرشارى تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ غەربىنىڭ يەنى ياۋروپا مەدەنىيەت زور ئويغىنىش ھەرىكىتى دەۋرىدە (Renaissance 14 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە) ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، دىن، سىياسەت، ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە ۋە بىناكارلىق ئىلىملىرىدە زور

يېڭىلىقلارنى يارىتىلدى. يېڭىچە ئۇسلۇب، كۆزقاراش، يېڭى كەشپىياتلار، تەبىئەت ۋە جۇغراپىيە ئىلمىدە يېڭى بايقاشلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەرىكەتنى فىرانسۇز تارىخچىسى Michelet Jules تۇنجى بولۇپ "Renaissance " يەنى "مەدەنىيەت زور ئويغىنىش" ھادىسىسى دەپ ئاتىغانلىقى ئۈچۈن بۇگۈنكى كۈندە فىرانسۇز تىلىدىكى "Renaissance" ئومۇمى يۈزلۈك مەخسۇس ئاتالغۇ سۈپىتىدە قوللىنىلدى. ئەمما كۆپلىگەن تارىخچى ئالىملار بۇ ھەرىكەتنىڭ باش ئېقىمىنى ئىتالىيەلىك مەشھۇر شائىر، ئەدىب، سىياسىيون، پەيلاسوپ Dante Alighieri، شائىر، ئىنسانپەرۋەر ئالىم Francesco Petrarca ۋە شۇنداقلا مەشھۇر رەسسام، سەنئەت پېشۋاسى Giotto di Bondone لارنىڭ ئەسەرلىرىگە ۋە نەزەرىيىسىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇلارنى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ قايتا تۇغۇلۇپ گۈللىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاساسچىلىرى دەپ قارايدۇ.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كېيىنكى مەزگىللىرى ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ دەۋرلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئىنسانىنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتى يوقالغان، ئاز بىرقىسىم ھۆكۈمدار ۋە دىنىي روھانىيلار ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن خالىغاننى ئۆلتۈرۈپ، خالىغان نەرسىلىرىگە ئېرىشەلەيدىغان، مۇشتۇم زورلار ھۆكۈم سۈرگەن بىر دەۋر ئىدى. خۇراپاتلىق شۇقەدەر چەكسىز بولغانكى، دىنىي روھانىيلار ھەرقانداق گۇناھلاردىن كەچۈرۈمگە ئېرىشەلەيتتى. جەمئىيەتتە ھەتتا ئۇ دۇنيالىقتىكى جەننەت ئۈچۈن يەرلىك سېتىلاتتى. ئىلىم ـ پەن قاتتىق چەكلىنەتتى، قۇياش سىستېمىسىدىكى پلانېتلار، جۇملىدىن يەرشارىنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغانلىق نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان Galileo Galilei, Tycho Brahe ۋە Johannes Kepler قاتارلىقلارغا ئوخشاش تەبىئي پەن ئالىملىرى دىنىي روھانىيلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلدى. سانسىزلىغان يېڭى ئېقىمدىكىلەر دىندار روھانىيلار مۇشتۇم زورلار تەرىپىدىن خانى ۋەيران قىلىندى .

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا بۇ خىل ھاياتلىق مەنتىقسى ۋە مەۋجۇدىيەت قانۇنىيىتىنىڭ ھەقىقىتىگە قارشىلىق كۆرسىتىش ئېخىمۇ كۆپ ئىلغار ئېقىمدىكى ئىسلاھاتچى، تەرەققىيپەرۋەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى .

14ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە بولغان ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىشقا زور تۆھپىلەرنى قوشقان كىشىلەر ھەققىدە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەيلى. ئىتالىيەدىن باشلانغان بۇ مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكتى ناھايتى تىزلا پۈتۈن ياۋروپاغا يېيىلدى. فىرانسىيەدە سانائەت، گېرمانىيەدە دىن ۋە پەلسەپە، ئەنگلىيەدە ئەدەبىيات، ئىسپانىيەدە سەنئەتنىڭ يېڭىچە دەۋرى يارىتىلدى. دەسلەپكى دەۋرلەردە قەدىمكى گىرىك ۋە رىملىقلارنىڭ ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، ئارخېئولوگىيە، ئىلاھىيەتچىلىك ۋە ناتىقلىق ئىلمى قايتىدىن ئوتتۇرىغا ئىلىپ چىقىلدى. بۇ خىل ئەسلىگە قايتىش ئەمەلىيەتتە زۇلۇم ۋە قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ياۋروپادا يېڭىلىق يارىتىش دولقۇنىنى قوزغاپ ياۋروپا مەدەنىيىتىنى قايتا تۇغۇلۇش دەۋرىگە ئېلىپ كىردى .

بۇ دەۋردە ھەممىدىن سەنئەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىلدى. شۇ ۋەجىدىن سەنئەتنىڭ جەمئىيەت ۋە باشقا ئىلىم ساھەنى يېڭىلىققا يېتەكلەپ مېڭىش رولى ناھايتى زور بولدى.

مېمارچىلىق ئىلمىدە ھېچ كۆرۈلۈپ باقمىغان ئۇسلۇب يارتىلدى. Gothic, Baroque ۋە Rococo ئۇسلۇپلىرى ھېلىھەم دۇنيا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى تۆرىدە.

رېئالىزم رەسىم پېشۋالىرى Giotto di Bondone، Filippo Brunelleschi لار كلاسسىك رېئالىزىم ئۇستىلىرىلا بولۇپلا قالماي، رەسساملىق ئىلمىگە پېرسپەكتىۋ (perspective) تېخنىكىسىنى ئېلىپ كىردى. Giotto di Bondone، Filippo Brunelleschi، Bramante ۋە Michelangelo، Raphael، Sangallo، Maderno لار رەسىم، ھەيكەلتىراشلىق ۋە مېمارچىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان ئۇستازلىرىدۇر. مەشھۇر، ئۇلۇغ رەسسام Leonardo da Vinci رەسىم ۋە ھەيكەلتىراشلىق ئىلمىنىڭ پېشۋاسى بولۇپلا قالماي ئۇ ھەم ئومۇمى پەنلەر ئالىمىدۇر. Leonardo da Vinci ياۋروپادا تۇنجى بولۇپ ئادەم ئاناتومىيىسىنى تەجرىبە قىلىپ رەسىم ۋە مېدىتسىنا ئىلمىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئوتتۇرغا قويغان تىك ئۇچار ئايروپىلان، تانكا ۋە قۇياش ئېنېرگىيىسى نەزەرىيىلىرى ئۆز ۋاقتىدا تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن بولسىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە رېئاللىققا چىقتى. Leonardo da Vinci نى ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئۇستازى دېسەك ھېچ خاتا بولمايدۇ .

يەنە شۇلارنىمۇ ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىنكى ئۇلۇغ ئاسترونوم، قۇياش مەركەزلىك نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىم Nicolaus Copernicus، مەشھۇر ئېكسپېدىيچى، دۇنيا ئاتلاس ئىلمىگە ئاساس سالغۇچى مەشھۇر زات Christopher Columbus، تەبئىي پەن ئۇستازلىرىدىن Francis Bacon، Kepler Galile لەردۇر. مەشھۇر سىياسىيون Machiavelli ئۆزىنىڭ "ھۆكۈمدار" (The Prince) ناملىق ئەسىرى بىلەن ھېلىھەم مەشھۇردۇر. ئەنگلىيىلىك دۇنياۋى ئەدىب William Shakespeare نى بۇ دەۋرنىڭ ئىلىم ئۇستازلىرى سۈپىتىدە مىسال قىلىپ ئۆتسەك يېتەرلىك. مانا بۇ ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى پۈتۈن ياۋروپالىقلارنى 18 - ئەسىردىن باشلانغان ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابى دەۋرىگە ئېلىپ كىردى .

ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابى دۇنيا تەرەققىياتىدا غايەت زور ئۆزگىرىشنى پەيدا قىلىپ، پەن - تېخنىكا ۋە سانائەت جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمدارىغا ئايلاندى. 19 - ئەسىرگە كەلگەندە ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئىدېئولوگىيە مودېرنىزم دەۋرىگە كىردى. مودېرنىزم كلاسسىك ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبقا قارشى ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئىنسانىيەتنى كېيىكى ئاتوم ۋە بۆگۈنكى ئېلېكترون دەۋرىگە ئېلىپ كىردى .

ئۇنداقتا ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان مەقسەتكە شۇكى يۇقىرىقىدەك زور مەدەنىيەت گۈللىنىش ھادىسى - يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئىجادىيەت دولقۇنى، زامانىۋى ئۇستقۇرۇلمىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئەڭ ئاساسلىق ئامىل ئەلۋەتتە ئەركىن پىكىر قىلىش بولدى! ئەركىن پىكىر قىلىش ۋە ئەركىن ئىپادە قىلىش ئىنسانلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىشىدىكى ھاياتىي كۈچىدۇر! ئۇ ئىنساندا تۇغما بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇق. شۇ سەۋەبلىك ئىتالىيەدىن باشلانغان ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتى ئەڭ دەسلەپ قەدىمكى گرېك ۋە رىملىقلارنىڭ ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيە ۋە تەپەككۇر ئىلمىنى قايتا ئوتتۇرىغا

ئېلىپ چىقىشتىن باشلانغان. چۈنكى قەدىمكى رۇم دەۋرىدە پۇقرالارنىڭ دىنىي ئەركىنلىكى ۋە ئەركىن سۆزلەش ھوقۇقىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىناتتى .

ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكىتى ئاخىرقى دەۋرىگە كەلگەندە ئەنگلىيىلىك سىياسىي ئۆلىمالاردىن John Milton ۋە John Lockelar ئىپادە ئەركىنلىكى ھوقۇقى چۈشەنچىسىنى ئەڭ دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ ھەقتە كەڭ مۇنازىرە ئېلىپ باردى. 1689 ـ يىلىغا كەلگەندە ئەنگلىيە پارلامېنتى ، پارلامېنت ئەزالىرىغا ئەركىن پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقى بەردى.

1766 ـ يىلىغا كەلگەندە شىمالى ياۋروپا دىكى شۋېتسىيە پادىشاھلىقى دۇنيادا تۇنجى بولۇپ پۇقرالارنىڭ نەشر قىلىش ھوقۇقىنى رەسمىي دۆلەت قانۇنىغا كىرگۈزۈپ، دۆلەت قانۇنى ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ نەشرىياتچىلىق ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدىدى. 1770 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگە كەلگەندە دانىيە ـ نورۋېگىيە پادىشاھلىقى پۇقرالارنىڭ سۆز ئەركىنلىكىنى قانۇنى كاپالەتكە ئىگە قىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن 1948 ـ يىلىغا كەلگەندە يېڭىدىن قۇرۇلغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى دۇنيا "كىشىلىك ھوقۇق" خىتابنامىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ خىتاب نامىنىڭ 19 ـ ماددىسىدا ”ھەربىر ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن سۆزلەش ۋە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش ۋە ھەرخىل نەشرىيات ۋاستىللىردا نەشر قىلدۇرۇش، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ئەركىنلىكى چوقۇم توسقۇنلۇققا ئۇچرىماسلىقى كېرەك“ دەپ قارار قىلىندى. 1991 ـ يىلى يۇقىرىقى ھوقۇقلارغا يېڭىدىن رادىئو، تېلېۋىزور، CD، DVD، كومپيۇتېرى، ئىنتېرنېت ۋە مېدىئا (Media) ھوقۇقلىرى قوشۇلدى .

خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيتى ياكى توغرا قىلىپ ئاتىغاندا خەلقئارا PEN بىرلىكى 1921 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدە ئېنگلىز شائىرى، دراماتورگ ۋە تەنقىدچىلىقپەرۋەر Scott Catharine Amy Dawson تەرىپىدىن دۇنياغا كەلتۈرۈلگەن. P.E.N ئەسلىدە ئىنگلىز تىلىدىكى “Poets” شائىر، “Essayists” نەسىر ئەسەر يازغۇچىلىرى ۋە “Noelists” ھېكايە ـ رومان يازغۇچىلىرى قاتارلىق ئاتالغۇلىرىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ ھەرپىنى ئېلىپ ئىنگلىز تىلىدىكى قەلەم يەنى “PEN” ئاتالغۇسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بۈگۈنكى كۈندىكى خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيتىنىڭ ئىسمى قىلىپ قوللىنىلغان .

PEN دۇنيا بويىچە ئەڭ دەسلەپ قۇرۇلغان ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، خەلقئارادا تۇنجى بولۇپ ئىنسان ھەقلىرى ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارغان تەشكىلاتىدۇر. PEN ھەم خەلقئارادىكى تۇنجى دۇنياۋى يازغۇچىلارنىڭ بىرلىكى. PEN تۇنجى بولۇپ ئىپادە ئەركىنلىكى ۋە قەلەمكەشلەر ھوقۇقىنى، ئەدەبىياتنىڭ ئەركىن بولۇشىنى ئۆزىگە ئاساسى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان تەشكىلات. PEN 1948 ـ يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 19 ـ ماددىسى 1926 ـ يىلى خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيتى تەرىپىدىن يېزىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە جەمئىيەت نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلگەن ئىدى. ئىنسانىنىڭ ئەڭ تۈپكى ۋە ئەڭ ئاساسلىق ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىپ قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتنىڭ

بۈگۈنكى كۈندە 105 تىن ئارتۇق مەملىكەتتە 146 دىن ئارتۇق تارماق تەشكىلاتى بار بولۇپ، خەلقئارادىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تەشكىلاتلارنىڭ بىرسىدۇر.

خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنى قۇرۇپ چىقىش پىلانى 2005 - يىلى كومپوزىتور، شائىر، ئىقتىدارلىق سەنئەتكار مەرھۇم كۇرەش كۇسەن سۇلتان ئوغلى تەرىپىدىن تەشەببۇس قىلىنغان. بىر يىل تەييارلىق قىلىش نەتىجىسىدە 2006 - يىلى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ 18 - كۈنى يەنى مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن 11 كۈن بۇرۇن، شىمالى ياۋروپادىكى شۋېتسىيە پادىشاھلىقىنىڭ مەركىزى بولغان ستوكوھلىم شەھرىدە ئاز بىرقىسىم قەلەمكەش ۋە سەنئەتكارلارنىڭ بىر ئارىغا كېلىشى بىلەن دەسلەپكى قۇرۇلمىسى شەكىللەندۈرۈلگەن ئىدى. مەرھۇمنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن غايەت چوڭ يوقىتىلىش بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىنسانى ھەق - ھوقۇقى ئىنساپسىز مەلئۇنلار تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە دەپسەندە قىلىنىۋاتقان، ئىسيانكارلار ئاۋازى بوغۇلۇۋاتقان ئىگە چاقىسىز قالغان ئۇيغۇر خەلقىنى خەلقئارا قەلەمكەشلەر چوڭ ئائىلىسىگە رەسمىي ئەزا قىلىپ ئېلىپ كىرىش مەرھۇم كۇرەش كۇسەن ئەپەندىنىڭ چوڭ ئارزۇلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە سەپداشلىرىغا مىراس قالغان ئىدى .

خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى يازغۇچى، شائىر، نەشرىياتچىلار، تەرجىمان، تەھرىرلەر، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، ئاخباراتچىلار، فىلىم سىنارىستلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى ۋە ھەر تۈرلۈك قەلەم ئەھلىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ. دۇنيادىكى ئەركىن پىكىرلىك قەلەمكەشلەرنى دىنى، تىلى، سىياسىي مۇددىئاسى، مەدەنىيەت ۋە ئۆرۈپ ئادەتلىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قارىماي بىر ئارىغا توپلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئېپادە ئەركىنلىكى، تىل ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ھۆرلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلىدۇ .

2008 - يىلى سېنتەبىر ئېيىدا جەنۇبى ئامېرىكىدىكى كولومبىيە دۆلىتىنىڭ پايتەختى Boguta شەھرىدە 74 - نۆۋەتلىك خەلقئارا قەلەمكەشلەر قۇرۇلتىيى كولومبىيە قەلەمكەشلىرىنىڭ ساھىبخانلىقىدا چاقىرىلدى. ئاخىر مەرھۇم كۇرەش كۇسەن ئەپەندىنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئارمىنى رېئاللىققا ئايلاندى! مەرھۇمنىڭ يېقىن سەپداشلىرى بۇ تارىخى ۋەزىپىنى ئىككى يىلدىن ئارتۇق جاپا مۇشەققەتلىك خىزمىتى بەدىلىگە ئورۇندىدى. ئۇيغۇر خەلقى خەلقئارا پەن قۇرۇلۇپ ئازغىنا كەم بىر ئەسىردىن كېيىن يەنە 87 يىل ئۆتكەندە بۇ خەلقئارالىق چوڭ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە رەسمىي قوبۇل قىلىنىپ، بۇ نوۋەتلىك قۇرۇلتايدىن ئورۇن ئالدى. شۇندىن بۇيان ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ، كىچىكلىكتىن چوڭايدى. ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخى ئۇزۇن بولمىغان ياش قەلەمكەشلەر مەركىزى بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنىڭ ئاكتىپ پائالىيەتچانلىقى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى سېپىدىكى ھۆرمىتى ۋە ئورنىنى ئۆسۈشكە باشلىدى .

ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى باش بولۇپ ئورال - ئالتاي قەلەمكەشلەر بىرلىكىنى قۇرۇپ چىقىپ ئۇيغۇر، ياپونىيە، جەنۇبى كورېيە، موڭغۇلىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاتارىستان، تۈركىيە، ۋېنگرىيە، ئېستونىيە، فىنلاندىيە قاتارلىق قەلەمكەشلەر

مەركەزلىرىنى ئۇز ئىچىگە ئالغان 11 قەلەم مەركىزى ۋە تاجىك، ئۆزبېك، ئەزەربەيجان، تۈركمەنىستان قاتارلىق تېخىچە خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولمىغان قېرىنداش، تەقدىرداش مىللەت يازغۇچىلىرىغا باش بولۇپ، بىرلىكتە رايون خاراكتېرلىك پائالىيەت ئېلىپ باردى.

ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى سۆزلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، سۈكۈت قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان "ھەربىر ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن سۆزلەش ۋە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش ۋە ھەرخىل نەشرىيات ۋاستىللىردا نەشر قىلدۇرۇش، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ئەركىنلىكى چوقۇم توسقۇنلۇققا ئۇچرىماسلىقى كېرەك" دېگەن خىتاب نامىسى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. جۈملىدىن سۆزلەش، يېزىش، ئوقۇش، نەشر قىلىش، ئەركىن ئىپادىلەش ھېقى - ھوقۇقلىرى مەجبۇرى تارتىۋېلىنىۋاتقان ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ۋە خەلقىنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداشنى ئۆزىگە نىشان قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى ۋە تارىخى يادىكارلىقلىرىنى قوغداشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىدۇ. خىتاي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش زالىملارنىڭ تۈرمىلىرىدە گۇناھسىز ئازاب چېكىۋاتقان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ۋە دۇنيادىكى زوراۋان ئەللەر تۈرمىسىدە خارلىنىۋاتقان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ شەرتسىز قويۇپ بېرىلىشى ۋە ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ .

ئەلۋەتتە، ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، رايون ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆز  ئۆزىنى ئىپادە قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئىپادە ئەركىنلىكىگە بولغان چۈشەنچىسمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەن بۇ نوقتىدا ئايرىم توختالمايمەن. خىتايلار شەرقى تۈركىستاندىن ئىبارەت بۇ ئۇيغۇر زېمىنىنى مۇستەملىكە قىلغاندىن بۇيان، ئۇيغۇر خەلقىمىز سانسىز قېتىم قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى .

ھۆرلۈك ۋە ئەركىن ھايات ئۈچۈن قىلىۋاتقان مۇجادىلىسىنى بىر كۈنمۇ توختىتىپ قويمىدى. ئەنە شۇ قارشىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان 1985 - يىلىدىكى "12 - دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى" ۋە 1988 - يىلىدىكى "ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى" دۇر. بۇ يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى ئەڭ زور كۆلەملىك ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتىدۇر. قىسقىسى بۇ ھەرىكەتتە ئۇيغۇر زىيالىيلىرى يۇقىرى بەدەللەر تۆلىدى، نۇرغۇنلىغان قۇربانلارنى بەردى. گەرچە بۇ ھەرىكەت  كۆزلىگەن مەقسەتلىرىگە تولۇق يېتەلمىگەن بولسىمۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە ئۆز تىل - يېزىقى، مىللىي مائارىپ، مەدەنىيەت، ئەركىن پىكىر قىلىش، ئىنسانى قەدىر - قىممىتىنى تونۇش ۋە قوغداش ئېڭىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قاتلاملىرىدا جۈملىدىن ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا قايتىدىن كۈچەيتتى. مۇستەملىكىچى ھۆكۈمەتكە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ۋەتەن - مىللەتكە بولغان سۆيگۈسىنىڭ كۈچلۈك ساداسىنى ئاڭلاتتى. ئۇيغۇر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تارىخىغا ئۆچمەس ئابىدە تىكلىدى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ مىللىي مائارىپىمىز، مەدەنىيىتىمىز، تىلىمىز ۋە تۇپرىقىمىز ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇزغۇنچىلىقىغا قەلەم

ۋە ئەلەم بىلەن بىرلىكتە قارشى تۇرىدىغان يېڭى ئىزباسارلار سېپىنىڭ كۆپلەپ يېتىشىپ چىقىشىدا زور رول ئوينىدى .

مانا بۇ سەپتە ئۆزۈن يىللاردىن بېرى ئۆز مىللىتى، ۋەتىنىگە بولغان سۆيگۈسىنى، ھۆر ئەركىن كېلەچەككە بولغان ئىنتىلىشىنى كۈچلۈك قەلىمى بىلەن ئۈزلۈكسىز ئىپادىلەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ بىرى ياش زىيالى، ئەدەبىي يازار، شائىر، ئۇشبۇ "ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ساداسى: دوناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە " ناملىق كىتابىنىڭ مۇئەللىپى، مېنىڭ دوستۇم، سەپدىشىم ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىدۇر .

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى 1986 - يىلى ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلغان تۇنجى ئەدەبىي ئاخباراتىدىن باشلايدۇ. يازغۇچىمىز شۇنىڭدىن باشلاپ قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەدىب ۋە شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىپ چىقىدۇ. شەرق ۋە غەرب ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ مىللەت ئېڭىنى ئۆزگەرتىشتە تۇتىدىغان باشلامچىلىق رولىنى چۈشىنىپ يەتكەن ياش شائىر 1992 - يىلى خىتاي ھوكۇمىتىنىڭ دائىلىرى تەرپىدىن "12 - دېكابىر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى" گە باغلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ ۋە شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى 1999 - يىلى ۋەتەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ياش شائىر ئاقسۇدا نەزەربەنت ئىچىدە ئوتكەن يىللىرىدا ئاقسۇ گېزىتى قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا 100 تىن ئارتۇق شېئىر ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىدۇ .

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى ۋەتەندە ياشاۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ئاۋام - خەلقىنىڭ ئازابىنى ئاڭلاپ، مۇستەملىكچىلەرنىڭ رەھىمسىزلىك بىلەن باستۇرۇشلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرغاچقا ئىچىگە پاتماي يېنىۋاتقان غەزەپ نەپرەتلىرىنى ئىپادىلەپ ۋەتەن مىللەتنىڭ بۈگۈنگە ئېچىنىپ، غېرىبانە سەبىي تۇيغۇسىنى ئىسيان چۇقانى قىلىپ "بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار" ناملىق شېئىرىنى يېزىپ ئاقسۇ گېزىتىدە ئېلان قىلىدۇ. ئەزىز ئەيسا ئەپەندى ئوتلۇق قەلبىنى ئىپادىلەپ مۇنداق مىسرالارنى يازىدۇ:

...

بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار،
كەلمەيدۇ سايرىسا ئۆزىچە بىر قۇش.
باقمايدۇ تەبىئەت ئادەم مەيلىگە،
سالسىمۇ ئالدىراپ دېھقان يەرگە قوش.

بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار،
تۇرسا دەل دەرەخ يېپيېقسىز قاقشال.
ئۇنتۇغان ئۆزىنى سالا ئېتىزلار،
يېتىپتۇ ئۈستىگە يېپيۋېپ چاتقال.

بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار،

كەچسمۇ كۆڭۈلگە شېرىن شەيداسى.
قويالماي قىز جۇۋان قېشىغا ئۇسما،
كۈتكۈزەر قەلبىنى كۆكلەم تەشناسى.

بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار،
كەلمەس كاككۇكمۇ مەدھىيە ئوقۇپ.
ئۆيۈمگە كىرمەس قارلىغاچ ئەسلا،
ياشىماس قايتىدىن ئۇۋىسىنى توقۇپ.

بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار،
بولسىمۇ سېنىڭ بېھىشتەك بېغىڭ.
سۈرەلمەس نوتا، تۆكەلمەس چېچەك،،
كەلمىسە پەسلىڭ ئەتىياز چېغىڭ.

بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار،
ئاچىدۇ غۇنچىلار، ئىلللىسا جاھان.
قوغلىنىپ قىشمۇ، ئالمىشىپ پەسىل،
تۇرىدۇ تەكرار، تەبىئەت ھامان!

بىر گۈل ئېچىلسا بولمايدۇ باھار،
يۈرمە سەن ئۇنى چېكەڭگە تېڭىپ.
قىسقا بۇ ھايات، خۇددى ئاققان سۇ،
تۈگەيدۇ ئاخىر، تۇپراققا سىڭىپ.
...

شائىر ئۆزىنىڭ ۋەتەن مىللەت سۆيگۈسى ۋە ھۆر ـ ئەركىن ھايات قۇرۇشقا بولغان ئاززۇسىنى، ئارمىنىنى ۋە پىداكارلىق روھىنى ئاددىي ئەمما چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق ئىپادىلەيدۇ :

...
ئىككىلەنمەيمەن،
سۆيگۈ ئالدىدا.
زارلىمايمەن،
تەقدىر قويىندا.
يانغىن!
ئوتتىن پۈتكەن يۈرەك
ئىرادەم ھاياتقا ـ
خانتەڭرىدەك.
...

شائىر ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن قىرغىزىستان، گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە ئاخبارات ساھەلىرىدە ئالدىنقى سەپتە تۇرۇپ خىزمەت قىلىپ كەلدى. ئۇ ۋەتەن سىرتىدا ئەركىن سۆزلەش ۋە يېزىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ ۋەتەن، مىللەت ئۈچۈن يېزىشنى ئۆزىنىڭ كېلەچەك ھايات يولى قىلىپ تاللىۋالدى. ياش شائىر ئەزىز ئەيسا ئەپەندى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ قىرغىزىستان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەپكارى"ۋىجدان ئاۋاز" گېزىتىدە "ئۇيغۇر ئوغلى" نامىدا  ياردەمچى مۇھەررىر، كېيىن دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان "شەرقىي تۈركىستان ياشلىرى" ژۇرنىلىدا ۋە شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ نەشر ئەپكارى" ئىستىقلال" گېزىتىدە "ئۇيغۇر ئەزىزى"  ئىسمى بىلەن مۇھەررىرلىك خىزمەتلىرىدە بولدى.

شائىر "ئىستىقلال " گېزىتىدە ئۇيغۇر قىزلىرىنى ۋەتەن، مىللەت يولىدىكى كۈرەشكە چىلاپ ئوتلۇق قەلىمى بىلەن ئۇيغۇر قىزلىرىغا تۆۋەندىكىدەك مۇراجىئەتلەرنى قىلىدۇ :

ئەمەسمەن مەجنۇن، تاقلايدىغان شاخچە قۇش،
بولساڭ گۈزەل سۆيدۇم دەپلا ئەگىيدىغان.
تەس مېنىڭ سۆيمەكلىگىم ئۇيغۇر قىزى،
ئىشقى - پىراق دەپلا يۈرسەڭ ئېرىيدىغان .

ئەگەر بولساڭ سەنمۇ جەڭچى ئۇيغۇر ئۈچۈن،
كىرىپ كەلسەڭ كۈرەشلەرگە "نۇزۇگۇم" بولۇپ.
بولسا ئازاد "ئۇيغۇرىستان" خەلقىمىز ھور،
سۆيەر ئىدىم سېنى جاندىن ئەزىز بىلىپ.

ئىلتىماسىم ئۇيغۇر قىزى ئاڭلا سۆزۈم،
قورۇلمىسۇن روھى بوگۈن "نۇزۇگۇم" نىڭ.
يېپپشايلى قول تۇتۇشۇپ كۈرەشكە مەھكەم،
ئىگىسى سەنلا شۇندا سۆيسەڭ يۈرىكىمنىڭ!

ۋەتەن مىللەتنىڭ دەردلىرىنى يەتكۈچە تارتقان، زالىملار قامچىسى يۈرىكىگە تېگىپ ۋەتەن - خەلقىنىڭ ھۆرلۈكىنى ئۆزىگە ئەبەدىي خىزمەت بۇرچى قىلىپ تاللىغان بىر ئىنسان ئۈچۈن مەنزىلگە يەتمەكنىڭ يوللىرى كۆپ ۋە ھەرخىلدۇر. بىر قەلەمكەش زىيالىي ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلىمى، جەڭ مەيدانىدىكى قورالىدۇر، ھەر بىر يېزىلغان خېتى ئېتىلغان ئوق كەبىدۇر.

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2001 - يىلى يازدىن باشلاپ بوگۈنگىچە ئايالى ئۇيغۇر مۇزىكا تەتقىقاتچىسى دوكتور  رەيچېل ھاررىس خانىم (Dr. Rachel Harris) ۋە  ئىككى ئوماق قىزى لەيلىگۈل ۋە سەنەمجانلار بىلەن ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھرىدە ياشاپ

كەلمەكتە. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى چەتئەلگە چىققاندىن بۇيان 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ئەدەبىي ئاخبارات ۋە ئاز بولمىغان ئىلمىي ماقاللارنى يېزىپ گېزىت ژۇرنال ۋە توربەتلىرىدە ئېلان قىلدى. ئۆتكەن يىلى ئايالى رەيچېل خانىم بىلەن بىرلىكتە جاپالىق ئىزدىنىشلەر بەدىلىگە يېزىپ چىققان چوڭ ھەجىملىك ئىلمى ئەسىرى " ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمى نەزەر" خەلقئارادىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرى بولغان كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئىنگلىز تىلىدا :

"Invitation to a mourning ceremony: perspectives on the Uyghur internet"

ئېلان قىلىندى[3].

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى يېزىقچىلىق بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي بەلكى يەنە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنى ئەنگلىيەنى مەركەز قىلغان ھالدا ياۋروپا ئەللىرىنىڭ سەھنىلىرىگە ئېلىپ چىقىشتا زور رول ئوينىدى. ئۇ باش بولۇپ دۇتار مۇزىكانتى ئايالى رەيچېل شۇنىڭدەك باشقا بىر قانچە ئۇيغۇر ۋە ئېنگلىز سەنئەتكارلار بىلەن بىرلىكتە 2004 - يىلى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنى قۇرۇپ چىقىپ ياۋروپادىكى دۆلەتلەردە ئۇيغۇرنىڭ سەنئىتىنىڭ ئۆلگىلىرىنى نامايان قىلدى ۋە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇيغۇرنىڭ قايغۇ ئەلەملىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ ساداسىنى مۇزىكا سەنئىتى بىلەن ياۋروپا سەھنىلىرىدە ئاڭلىتىشقا كۆز يۇمغۇسىز ئەجىرلەرنى سىڭدۈردى. لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى نامىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر مەدەنىيەت، سەنئەت ۋە تارىخىغا بېغىشلانغان ئۇيغۇر ۋە ئىنگلىز تىلىدا ئىككى تىللىق توربېكىتى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆزى يىغىپ توپلىغان قەدىمكى ۋە بۈگۈنكى ئۇيغۇر مۇزىكا، سەنئىتىگە دائىر ھەرخىل ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە ئانسامبىلىنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەپ كېلىۋاتىدۇ .

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى 2010 - يىلىدىن بۇيان خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر بىرلىكىگە ئەزا بولۇپ كىرىپ  مەزكۇر مەركەزنىڭ توربېكىتىنى باشقۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇ ھازىر خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى "تۈرمىدىكى يازغۇچىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش"  كومىتېتىنىڭ مەسئۇلى. ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ خىزمەتلىرىگە يىللاردىن بۇيان ئۈن - تىنسىز ئۆز ئەجرىنى سىڭدۈردى. ئۇ 2012 - يىلدىن باشلاپ خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى دائىمىي كومىتېت ھەيئەتلىرىنىڭ كۆرسىتىشى ۋە قوشۇلۇشى بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى نامىدىن سەپدىشىم ئەزىز ئەيسا ئەپەندىنى تەبرىكلەيمەن! خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى ئۈچۈن قوشقان خىزمەتلىرىگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىز، دىققىتىڭلارغا سۇنۇلغان ئۇشبۇ "ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر ساداسى: دوناي دەرياسىدىن ئورخۇن بويلىرىغىچە" ناملىق كىتابقا ئەزىز ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئۈچ ئەسىرى كىرگۈزۈلدى. بىرىنچىسى خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ 2011 - يىلى فېۋرالدا ۋېنگرىيەنىڭ پايتەختى بۇداپېشت شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن 2 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر ۋە ۋېنگىر يازغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش يىغىنى جەريانى ئاساسى تېما قىلىنغان. ۋېنگىرىيە دۆلىتىنىڭ كەچمىشى ۋە بۈگۈنى، ھون - ئۇيغۇر قېرىنداشلىق

تارىخي، ۋېنگرىيەنىڭ سوۋېت مۇستەملىكچىلىرى قولىدىن قۇتۇلۇشى تارىخى قوشۇمچە ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان ئەدەبىي ئاخبارات ”ئۈزۈلمەس تارىخىي رىشتە“[4] ماۋزۇسىدىكى ئەسىرىدۇر. ئىككىنچى ئەسىرى 2011 - يىلى ئىيۇلدا ئاتا ماكانلىرىمىزدىن بىرى ئورخۇن بويلىرىدا چاقىرىلغان "3 - نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى قۇرۇلتىيى" غا قاتنىشىش سەپىرى بايان قىلىنغان ئەسىرىدۇر. بۇ ئەسەردە ئورخۇن بويلىرىدا ئاتا بوۋىلىرىمىز قۇرغان كۆك تۈرۈك ۋە ئورخۇن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ تارىخى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ، ئۇيغۇرنىڭ تارىخىدىكى شانلىق كەچمىشلەر ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ يورۇتۇپ بېرىلىدۇ. ئەسەردە يەنە، يىغىنغا قاتناشقان قەلەمكەشلەر تەقدىم قىلغان قىممەتلىك لېكسىيىلەر ۋە ئاپتورنىڭ كېلەچەككە بولغان ئارزۇ ئۈمىدلىرى بايان قىلىنىدۇ. ئۈچىنچىسى بولسا ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ تەتقىقات ماقالىسى بولۇپ، مەزكۇر ماقالە 2009 - يىلدىكى ” 5 - ئىيۇل “ ئۇرۇمچى قانلىق ۋەقەسى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان “ئۇيغۇر تۇربەتچىلىكىگە ئومۇمىي نەزەر”[5] ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدۇر.

ۋەتەن سۆزسىز مۇقەددەستۇر! ۋەتەن مۇقەددەس بولغانلىقى ئۈچۈن ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتنىڭ چېكى بولمايدۇ. ۋەتەن بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ماكان ۋە زامان كاپالىتىدۇر. ۋەتەننىڭ ھۆرلۈكى دېمەك مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى دېمەكتۇر! شۇ ئەركىنلىك ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەلمۇ ئوز نۆۋىتىدە چوڭ ھەم قىممەتلىكتۇر !

مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر ! بۇ ياۋروپا مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئەركىن پىكىر قىلىش ھەق ھوقۇقىدىن تارتىپ، خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى ۋە ئۇيغۇر مەركىزىگىچە، ۋە ئاخىردا مەزكۇر كىتابنىڭ مۇئەللىپى سەپدىشىمىز ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىگىچە سوزۇلغان ئۇزۇن بايانلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، ھۆرمەتلىك دوستىمىز ئەزىز ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئەدەبىي يېزىقچىلىقى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلىرىغا خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىگە ۋاكالىتەن تېخىمۇ كۆپ ئۇتۇقلارنى تىلەيمەن !

ھەممە نەرسە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، يول مېڭىپ ئېچىلىدۇ، بېسىپ تۈگىتىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كېلەچەك تەرەققىياتى ۋە ھۆرلۈكىمۇ شائىرىمىزغا ئوخشاش مىڭلىغان يىگىت قىزلىرىمىزنىڭ تۆلەۋاتقان بەدەللىرى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەن سۆزۈمنى ئەزىز ئەيسا ئەپەندىنىڭ يېقىندا يازغان “غۇرۇرۇمدا مۇرەسسىز داۋا” ناملىق شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمەن. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇش ئارقىلىق خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان بىرقىسىم ئىش - پائالىيەتلىرىدىن مەلۇماتلارغا ئىگە بولىشىنى ئۈمىد قىلىمەن .

...

ئوڭۇم - چۈشۈمدە،
مەن ئويغاق.
ۋەتەنسىزلىك دەردى ماڭا تولغاق.

مەجنۇنلۇقتىن مەن بىدار يىراق.
بۇ كۆن ئەمەس بىزگە بىر تىلسىم-
كۆرۈنسىمۇ مەنزىلى ئۇزاق .
رەھىمسىز سەن ھەي دۇنيا-
ئۇيغۇرغا سەن بىۋاپا.
دۇنيايىمدا مىسلىسىز چۇقان.
ساڭا قارشى بۈيۈك ئىسيان-
دىلىم
تىلىم
ۋۇجۇدۇمدا-
غۇرۇرۇمدا مۇرەسسىز داۋا
...

ھۆرمەت بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى
رەئىسى

قەيسەر ئۆزھون , ئابدۇرۇسۇل ئوغلى

2012 - يىلى 20 - فېۋرال

لۇند ، شىۋېتسىيە

# ئۇزۇلمەس تارىخي رىشتە

**ئۇيغۇر ـ هون قەلەمكەشلىرىنىڭ دوناي دەرياسى بويىدا ياڭراتقان دوستلۇق ساداسى**

بۇداپېشتتا ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ يىغىنى توغرىسىدا ئەدەبىي خاتىرىلەر

**"هونلار ـ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىكى ئەجدادى هونلار باشقا هەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ ئاساسلىق رول ئوينىغان"**

مەرھۇم ئۇيغۇر تارىخچىسى تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىنىڭ "ئۇيغۇرلار" ناملىق كىتابىدىن.

## تارىختىن ئىككى ئېغىز سۆز



Hunlarning simowili

ئۇيغۇرنىڭ ھازىرقى زامان مەشھۇر تارىخچىسى، شائىرى ۋە كۈرەش جەڭچىسى مەرھۇم تۇرغۇن ئالماس ئەپەندىنىڭ "ئۇيغۇرلار" قاتارلىق 3 تارىخىي كىتابى 1989- يىلى ئۈرۈمچىدە خىتاي نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن ئاتالمىش "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون" لوق خىتاي كوممۇنىست پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىۋەتكەن ۋە بىر قانچە يىل داۋاملاشقان" تۇرغۇن ئالماسنى تەنقىد قىلىش كۈرۈشى" نى قوزغاشقا سەۋەبچى بولغان "ئۇيغۇرلار "ناملىق بۇ كىتابنىڭ ئۈچىنچى بابىدىكى" ھونلار ۋە ئۇيغۇر " قىسمى مۇنداق باشلىنىدۇ[6]:

*" ھونلار - ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى چاغدىكى ئەجدادى .ھونلار باشقا ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ ئاساسلىق رول ئوينىغان .ھونلار تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500 يىلدىن تارتىپ (ھازىرقى كۈندىن 3500 يىل بۇرۇن) مىلادى 5- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان 2000 يىلنى ئوز ئىچىگە ئالغان ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىلدە، ئاسىيا ۋە ياۋروپا تارىخ سەھنىسىدە ئىنسانىيەت ئەۋلادىنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقمايدىغان ناھايىتى چوڭ تارىخىي رول ئوينىدى"[7]*

دېمەك ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ سائەت سترېلكىسى 21- ئەسىرنى كۆرسىتىۋاتقان بۇ دەقىقىلەردە تارىختا ئۇيغۇر قاتارلىق باشقا تۈركى ئېتنىك قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ ئاسىيا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدە ئالەمشۇمۇل ئىمپراتۇرلۇقلارنى قۇرۇپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۆزىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى، مۇستەقىل دۆلىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ۋە دۇنيا تەرىپىدىن تارىختىكى ھونلارنىڭ دۆلىتى دەپ تونۇلغان، ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك مىللەت نامىنى ئىزچىل بۈگۈنكى كۈنگىچە ئون ئۇيغۇر" ئونوگۇر “دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى ۋېنگىرىيە ھونلىرى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ دوناي دەرياسى بويىدىكى ياۋروپانىڭ ئەڭ گۈزەل شەھەرلىرىنىڭ بىرى بولغان بۇداپېشتتا 2011- يىلى 2- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 24-كۈنىگىچە ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر ۋە ھون قەلەمكەشلىرىنىڭ تارىخىي ئۇچرىشىشى سىزنى ئۇيغۇرنىڭ تارىخىي ئەجدادى بولغان ھونلارنىڭ تەخمىنەن 3500 يىللار ئىلگىرى بىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئۆتمۈشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى ياۋروپادىكى ئەھۋالىنى بىلىش ئىستىكىڭىزنى قوزغايدۇ ئەلۋەتتە !

مانا بۇ مەقسەت بىلەن ۋېنگىرىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ 2- نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال ئوقۇرمەنلەرگە ۋېنگىرىيە ھونلىرىنى بۈگۈنكى ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

# ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ئەجدادى ھونلار توغرىسىدا




*ھونلار تەخمىنەن مىلادى 350ـ يىللاردىن باشلاپ غەربكە كۆچۈشكە باشلىغان . خەرىتىدە ھونلارنىڭ غەربكە كۆچۈش يوللىرى ۋە كۆچۈش ۋاقىتلىرى كۆرسىتىلگەن .*

ھونلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى تارىخىي ئەجدادىدۇر .ھونلار بۇنىڭدىن تەخمىنەن تورت مىڭ يىللار ئىلگىرى ھازىرقى سىبىرىيە ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىنلاردىن تارتىپ خىتاينىڭ سېرىق دەريا ۋە دېڭىزلىرىغىچە، بايقال كۆلىنىڭ شەرقىدىكى كەڭ زېمىنلاردىن تارتىپ ئالتاي ـتەڭرىتاغ ۋە ئورال تاغلىرىدىن كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلاردا ياشاپ كەلگەن بولسا، كېيىن ھونلار تەخمىنەن مىلادى 350ـ يىللىرى غەربكە قاراپ كۆچۈشكە باشلاپ مىلادى 434 ـ يىلى ئاتىللا ھون (453ـ406) تەرىپىدىن ناھايىتى كۈچلۈك ۋە بۈيۈك بولغان ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ 5ـ ئەسىرگە كەلگەندە غەربىي رۇم ئىمپېرىيىسىنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرگەن بولسا، ئاسىيادا ھون ئەجدادلىرى ياشىغان كەڭ زېمىنلاردا قېرىنداش بولۇپ ياشاپ كەلگەن تۈرك، ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركى مىللەتلەر بۇ زېمىنلاردا قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ، ھون ئەجدادلىرى

قالدۇرغان بوشلۇقنى تولدۇرۇپ دۆلەتلەر ۋە ئىمپراتۇرلۇقلارنى قۇرۇپ هونلار ياشىغان زېمىنلارغا ۋارىسلىق قىلغان .



Hun atisi Atilla (406–453)

پۈتكۈل هون قەبىلىلىرى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3ـ ئەسىردە هون تەڭرىقۇت (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 174ـ209 ـ يىللار) تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈپ ئاسىيا هون ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان. هون ئىمپېرىيىسىنىڭ جەنۇبىي چېگرىسى بولغان خىتاينىڭ چىن سۇلالىسى مىلادى 2 ـ ئەسىردىن باشلاپ سەددىچىن سېپىلىنى سوقۇشنى باشلىغان بولۇپ بۇ دەل ئاسىيا هون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ كۈچلەنگەن مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ .خىتاي بۇ دەۋرلەردە داۋاملىق تۈردە هونلارنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن سېپىل سوقۇپ ئۆزىنى قوغدىغان ۋە بۇ سېپىلنى ئۆزىنىڭ چېگرىسى قىلغان. مەرهۇم ئۇيغۇر تارىخ ئالىمى تۇرغۇن ئالماس ئەپەندى بۇ تارىخنى مۇنداق ئىككى كەلىمىلىك شېئىر بىلەن ئىپادە قىلىپ يەكۈنلەيدۇ:

" هون بوۋامدىن قورققانلار، سەددىچىننى سوققانلار !"

بەزى تارىخچىلار هون باتۇر تەڭرىقۇتنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى "ئوغۇزخان" بىلەن بىر كىشى دەپ قارايدۇ .

بۈگۈنكى ۋېنگرىيەدىكى هونلار (ۋېنگرىيىلىكلەر ) ئۆز دۆلىتىنى Magyar دەپ ئاتايدۇ (ئىنگلىزچە Hungary دەپ ئاتىلىدۇ) ئۆزىنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ياكى هونلارنىڭ (Magyarország) دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىش ۋە مىللەت نامىنى 7 ـ ئەسىردە تەشكىل قىلىنغان قەبىلىلەر ئىتتىپاقى onogur (ئون ئۇيغۇر) ئىسمىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. بۇلغارلارمۇ ئوخشاشلا ئۆزلىرىنىڭ ئېتنىك كېلىپ چىقىشىنى onogur (onoguria ـ uyghuria ـ utigur) قەبىلىلىرىدىن دەپ بىلىدۇ.

## بۈگۈنكى ۋېنگرىيە




ۋېنگرىيە هونلىرى ئۇرال تىلى ئائىلىسىنىڭ فىننو ئۇگرىك (Finno_Ugric) تىل گۇرۇپپىسىدا سۆزلىشىدۇ يەنى بالتىق دېڭىزى بويىدىكى ئېستونىيە ۋە فىنلاندىيە تىللىرىغا يېقىن. دۇنيا بويىچە هازىر هونلارنىڭ نوپۇسى 14 مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ نوپۇسنىڭ 10 مىليوندىن كۆپرەكى ۋېنگرىيىدە ياشايدۇ، قالغان 4 مىليونى هونلار ۋېنگرىيىگە قوشنا بولغان رۇمىنىيە، سېربىيە ۋە ئۇكرائىنىيەدە ياشايدۇ.

ۋېنگىرىيە ھونلىرى ئورخۇن يېزىقىنى تاكى 11 ـ ئەسىرگىچە يەنى  خىرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغانغىچە قوللانغان بولۇپ، 11 ـ ئەسىردىن كېيىن لاتىن يېزىقىنى قوللىنىشقا باشلايدۇ. ۋېنگىرىيە بىلەن چېگرىداش بولغان دۆلەتلەردىكى سىزېكەلىس، چساڭو، پالوچ ۋە جاسسىچ قاتارلىق سانى بىرقەدەر ئاز بولغان مىللەتلەرمۇ ھازىرقى ھونلارنىڭ ئېتنىك مىللەت تەركىبىگە تەۋە دەپ قارىلىدۇ.

بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋام قىلغان ۋېنگىرىيە دۆلىتى مىلادى 895 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ياۋروپادىكى ئەڭ قەدىمكى دۆلەتلەرنىڭ بىر بولۇپ ھىساپلىنىدۇ يەنى ياۋروپادا تۇنجى گېرمان ۋە فرانسۇزلار تەرىپىدىن ۋەردۇن شەرتنامىسى  (Treaty of Verdun) [8] ئاساسىدا مىلادى 843 ـ ئانگلو ساكسون (Anglo_Saxon) دۆلىتى قۇرۇلۇپ 60 يىل كېيىن قۇرۇلغان قەدىمى دۆلەتتۇر. موڭغۇللار ۋېنگرىيىنى 1241 ۋە 1242ـ يىللىرى ئىستىلا قىلغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى موڭغۇل ھون ئۇرۇشلىرىدا ۋېنگىرىيە ئاھالىسىنىڭ تەڭ يېرىمى يەنى تەخمىنەن 2 مىليوندىن كۆپرەك ئاھالىنىڭ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلىكىنى كۆرستىدۇ.

ئوسمان ئىمپېرىيىسى ۋېنگرىيىگە 1526 ـ يىلدىن 1699 ـ يىلغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ۋېنگىرىيە 1526 ـ يىلى ئاۋستىرىيە بىلەن بىرلىشىپ ياۋروپادىكى ئىككىنچى چوڭ ئىمپېرىيە ئاۋستىرىيە ـ  ۋېنگىرىيە ئىمپېرىيىسىنى قۇرىدۇ ۋە بۇ ئىمپېرىيە 1918  يىلى پارتلىغان 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغىچە داۋام قىلىدۇ. گېرمانىيە ۋە ئىتالىيىنىڭ ۋېنگرىيىگە 1 ـ قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا قولىدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىشىنى كاپالەتلىك قىلىشى بىلەن يەنە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە قارشى كۈچلەر قاتارىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىدۇ. ۋېنگىرىيە 2 ـ قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىمۇ يېڭىلىپ 1945 ـ يىلى 13 ـ فېۋرال سوۋېت ئىتتىپاقىغا شەرتسىز تەسلىم بولىدۇ ۋە 1947 ـ يىلى پارىژ تىنچلىق ئەھدىنامىسىگە ئىمزا قويىدۇ. ئاقىۋەتتە ۋېنگىرىيە 1918 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە بولغان 2 قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدا زېمىنىنىڭ 72% دىن، ئاھالىسىنىڭ 66% دىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

سوۋېت كوممۇنىستلىرى ۋېنگرىيىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىملىق سوۋېت ئىشغالىيىتىگە قارشى 1956 ـ يىلى 23 ـ ئۆكتەبىر ۋېنگىرىيە ئىنقىلابى باشلىنىدۇ ۋە بۇ ئىنقىلاب 1956 ـ يىلى 10 ـ نويابىر سوۋېت ئەسكەرلىرى نامايىشچىلارنى قانلىق باستۇرۇش بىلەن ئاياغلىشىپ، باستۇرۇلۇش داۋامىدا يۈزبەرگەن قانلىق توقۇنۇشتا 2500 دىن ئارتۇق ۋېنگرىيىلىكلەر ۋە 700 سوۋېت ئەسكەرلىرى ئۆلىدۇ. نەتىجىدە بۇ ۋەقەدىن كېيىن تەخمىنەن 000، 200 دىن ئارتۇق ۋېنگرىيىلىكلەر باشقا دۆلەتلەرگە مۇساپىر بولۇپ قېچىپ كېتىدۇ.

رۇمىنىيە كوممۇنىستلىرى تارىختىن تارتىپ ۋېنگىرىيە زېمىنى بولۇپ كەلگەن ۋە 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا رۇمىنىيە ئۆز تەۋەلىكىگە قوشۇۋالغان ترانسىلۋانىيەنىڭ يېزا قىشلاقلىرىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ ۋە بۇ ھەرىكەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈپ 1988 ـ يىلى 6 ـ ئايدا 30 مىڭدىن ئارتۇق كىشى نامايىش قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مىخائىل گورباچېۋ ۋېنگرىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. ۋە شۇ يىلى 5 ـ ئايدا

ۋېنگرىيىلىكلەر ئاۋسترىيە بىلەن بولغان چېگرا سىم توسۇقلارنى ئېلىپ تاشلايدۇ. 1989 ـ يىلى سېنتەبىردە بېرلىن تېمىنىڭ ئۆرۈلۈشكە باشلىنىشىدىن كېيىن 10 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ۋېنگىرىيە ئۆزىنىڭ 3 ـ قېتىملىق ۋېنگىرىيە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

ۋېنگىرىيە 2004 ـ يىلى 1 ـ ماي رەسمىي ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرگەن. ۋېنگرىيىنىڭ هازىرقى يەر كۆلىمى 93, 030 km2 بولۇپ دۇنيا بويىچە دۆلەتلەر يەر كۆلىمى بويىچە 109 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋېنگرىيىنىڭ 2011 ـ يىلىدىكى نوپۇسى 10،164،000 بولۇپ دۇنيادىكى دۆلەتلەر بويىچە 83 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. ۋېنگرىيىنىڭ 2009 ـ يىلىدىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا كىشى بېشىغا كېلىدىغان مىللىي دارامەت 18،566 دوللار. ۋېنگىرىيە "فورىنت" پۇل بىرلىكىنى قوللىنىدۇ.[9]

**خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 21 ـ فېۋرالدىن 24 ـ فېۋرالغىچە ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشت شەھرىدە ئېچىلدى**



ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك ئاسىيا ۋە ياۋروپادا قىتئەلىرىدە ئالەمشۇمۇل ئىمپراتورلۇقلارنى قۇرۇپ دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە تارىخ سەھنىلىرىدە مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان ئابىدىلەرنى تىكلىگەن ۋە بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي كىملىكىنى "بىز ئون ئۇيغۇرلار" دەپ ئاتاپ كەلگەن ھون ئەجدادلىرىمىزنىڭ ياۋروپادىكى تارىخى يۇرتى ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا ۋېنگرىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى، ۋېنگرىيە دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيتى، خەلقئارا قەلەمكەشلەر ۋېنگرىيە مەركىزى ۋە خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى قاتارلىق ئورۇنلار بىرلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھون (ۋېنگرىيىلىك) ۋە ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئۆز ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتى 2011 - يىلى 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە بولۇپ ئۆتتى.

بۇ ئۇچرىشىش رەسمىي شەكىلدە "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلەر بىرلىكى ھون ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى" نامىدا بىر تۈرلۈك پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ يىغىلىش ئۇيغۇر - ھون يازغۇچىلىرى، شائىرلىرى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ۋە ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بىر تارىخىي ئۇچرىشىشى بولۇپ، مەزكۇر يىغىنغا قازاقىستان، قىرغىزىستان، تۈركىيە، ئاۋستىرالىيە، كانادا، ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ۋە ۋېنگرىيىلىك يازغۇچىلار بولۇپ 50 دىن ئارتۇق يازغۇچى ۋە سەنئەتكارلار ئىشتىراك قىلدى.

بۇ پائالىيەتكە يەنە يىللاردىن بۇيان ئەنگلىيىدە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ئۇيغۇر ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇپ كېلىۋاتقان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن قاتنىشىپ ۋېنگرىيىلىك ۋە ئۇيغۇر يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا، ھەم خالىس كەلگەن ۋېنگرىيىلىك ئۇيغۇر ھەۋەسكارلىرىغا، تاماشىبىنلارغا بۇداپېشت پرېزىدېنت مېھمانخانىسىدا ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ نامايەندىلىرىنى كۆرسىتىپ مەخسۇس كونسېرت بەردى.

شۇنى پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى يىللاردىن بۇيان جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق خەلقئارا قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن قۇرۇلۇپ چىققان "ئورال ئالتاي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان دۆلەت ۋە ئەللەر يازغۇچىلىرى بىرلىكى" نىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ساھىبخانىلىقى ۋە ئىجراسىدا 2009 - يىلى 25 - ئاۋغۇستتىن 29 - ئاۋغۇستقىچە تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە "ئەركىن پىكىر قىلىش" تېمىسىدىكى ئورال ئالتاي قەلەمكەشلەر بىرلىكىنىڭ يىغىنىنى غەلىبىلىك ئاچقان ئىدى. ئىستانبۇلدا ئېچىلغان شۇ قېتىمقى يىغىنغا ئەزەربەيجان، تۈركىيە، ياپونىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، موڭغۇلىيە، تاتارىستان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان، شۋېتسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىن كەلگەن 59 ۋەكىللەر قاتناشقان.

دېمەك ۋېنگرىيىنىڭ بۇداپېشت شەھرىدە ئېچىلىۋاتقان بۇ يىغىن دەل "ئۇرال ئالتاي قەلەمكەشلەر بىرلىكى" 1 - قېتىملىق ئىستانبۇل يىغىنىنىڭ داۋامى بولغانلىقى ئۈچۈن بىز بۇ نۆۋەتلىك يىغىننى تۆۋەندە قىسقىلاشتۇرۇپ خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ 2 - قېتىملىق قۇرۇلتىيى دەپ ئاتاپ ئۆتىمىز.

يىغىنىنىڭ تۇنجى كۈنى ۋېنگرىيىلىكلەر (ھونلار) ئۈچۈن ناھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان ۋېنگرىيە دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ زالىدا سائەت 9 دا ۋېنگرىيە دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيەتىنىڭ رەئىسى jános szentmátoni ئەپەندىنىڭ قارشى ئېلىش سۆزى قىلىشى بىلەن تەنتەنىلىك باشلاندى. يىغىندا ئىككىنچى بولۇپ سۆزگە چىققان خەلقئارا قەلەمكەشلەر ۋېنگرىيە مەركىزىنىڭ رەئىسى zoltán sumonyi ئەپەندى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى.

ۋېنگرىيە دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيەتىنىڭ رەئىسى jános szentmátoni سۆزنى مۇنداق باشلايدۇ:

*"مەن مىلىڭ يىلدىن كېيىن ئۇيغۇر قېرىنداشىمنى تاپتىم، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشىمىز ئەمدى مەڭگۈ داۋام قىلىدۇ ئەمما ئۈزۈلمەيدۇ..... ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىسى بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كەلگەن. بىز مۇشۇ سورۇندا 1955 - يىلى ۋېنگرىيە قەلەمكەشلەر بىر ئارىغا كېلىپ خەلقىمىزنى كۈرەش قىلىشقا چاقىرىپ ماقالە ئېلان قىلغان ئىدۇق، خەلقىمىز بىزنىڭ بۇ جەڭگىۋار چاقىرىقىمىزدىن ئىلھام ئېلىپ كۈرەشكە ئاتلاندى ۋە جاھانغا مەشھۇر بولغان 1956 - يىلىدىكى 23 - ئۆكتەبىر "ۋېنگرىيە ئىنقىلابى" نى ئېلىپ بېرىپ سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى جەڭ ئېلان قىلدى...بىز بەدەل تولىدۇق ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا خەلقىمىز سوۋېت كوممۇنىست دىكتاتورلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگۈزۈپ بۈگۈنكى مۇستەقىل ۋېنگرىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى.....*

*قەلەمكەشلەرنىڭ چاقىرىقى يازغانلىرى سىياسىيونلارنىڭ ھەرىكەت قېلىپنامىسىدۇر، ھەرقانداق بىر سىياسىيون قەلەمكەشنىڭ يازمىسىدىن ئايرىلالمايدۇ!*




*بۈگۈن سىلەر، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر يىغىن ئېچىۋاتقان مۇشۇ زالدا دەل بۇنىڭدىن 50 نەچچە يىل بۇرۇن ۋېنگىرىيە قەلەمكەشلەر ۋېنگىر خەلقىگە خىتابنامە ئېلان قىلىپ مۇستەقىل ۋېنگىرىيە دۆلىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۆرەش قىلغان زال. ۋېنگىرىيە مۇستەقىللىق ئىنقىلابى مۇشۇ زالدىن پۈتۈن دۆلەتكە كېڭەيگەن. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سىلەرنىمۇ مۇشۇ زالدا يىغىن چاقىرىشقا تەكلىپ قىلدۇق!"*

خەلقئارا قەلەمكەشلەر ۋېنگىرىيە مەركىزىنىڭ رەئىسى **zoltán sumonyi** سۆزگە چىقىپ مۇنداق دەيدۇ:

*"مەن 2 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر بىلەن سلوۋېنىيەدە ئۇچراشقاندا ئۇيغۇرلار بىلەن قايتىدىن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ تولىمۇ خۇشال بولغان ئىدىم. ئەمما ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا باشقىچە قاراشتا ئىدىم، 2 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ خەلقئارا تۇتقان ئورنى بولۇپمۇ "ئورال - ئالتاي قەلەمكەشلەر بىرلىكى" تەشكىلاتىنى قۇرۇپ تۈركىي تىللىق دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە سەپ قۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدىم ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىگە بولغان ئىشەنچىم كۈچەيدى... بىز خەلقئارا قەلەمكەشلەر ۋېنگىرىيە مەركىزىدىكى يازغۇچىلار ئىمكانىيىتىمىز دائىرىسىدە ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ھەر جەھەتتىن قوللايمىز. بىز ئەمدى تارىمغا قاراپ كارۋان تارتىمىز... بىز سىلەر بىلەن بىر سەپتە تۇرىمىز. بىز سىلەر بىلەن جاپا ۋە ھالاۋەتتە بىللە بولىمىز..."*

ئاخىردا نۇرمۇھەممەت ياسىننىڭ "ياۋا كەپتەر" ناملىق ئەسىرىنى ۋېنگر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ۋېنگرىيىدە تونۇلغان ياش شائىر **tibor weiner sennyey** سۆز قىلىپ:

*“مەن بۈگۈن ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىدا يول تاپالماي، بوران چاپقۇنىدا قالغاندەك ھېسسىياتتا بولۇۋاتىمەن، بىزگە قولۇڭلارنى بىرىڭلار، بىز بۇ قۇملۇقتىن داغدام يول تېپىپ بىللە چىقىپ كېتەيلى!  بىزمۇ مۇشۇ يىغىن ئېچىلىۋاتقان يەردىن يول تېپىپ خەلقىمىزنىڭ جەسۇرانە كۈرەش قىلىشى بىلەن بۈگۈنكى باياشات مۇستەقىل ۋېنگىرىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتۇق!*[10]*”*




خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ رەئىسى قەيسەر ئابدۇرۇسۇل ئۆزھۇن ئەپەندى سۆزگە چىقىپ ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرىدىن دوكلات بېرىپ ئۆتتى.  ئۇ دوكلاتىدا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ ئۆتكەنكى بىر يىل مابەينىدە قولغا كەلتۈرگەن خىزمەت نەتىنجىللىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە ساقلىنىۋاتقان مەسلىلەرنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ كەلگۈسى خىزمەت پىلانلىرى ئۈستىدە تەكلىپ ـلايىھىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى .

قەيسەر ئابدۇرۇسۇل ئۆزھۇن ئەپەندى يەنە خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ تۇنجى ھۆلىنى سالغان مەرھۇم كۈرەش كۆسەن ئەپەندىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى .

ئۇ سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ بۈنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى قانداق قىلغاندا خىزمەتلەرنى تېخىمۇ جانلىق ئېلىپ بېرىپ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قاتتىق تەقىبى ئاستىدا

يېزىش ھوقۇقى مەھرۇم بولۇۋاتقان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئەركىن يېزىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش ئەركىنلىكىنى قوغداش ئىمكانىيەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە مۇھىم تەكلىپ ۋە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى .



ئاخىرىدا "5 - ييۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" دىن ئىلگىرى ۋە كېيىن پەقەت يېزىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش ھوقۇقىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان بارلىق ئۇيغۇر يازارلىرىنىڭ ئەركىنلىككە چىقىشىنى جۈملىدىن ھازىرغىچە مەلۇم بولغان، خىتاي تۈرمىسىدە قامىلىپ تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر ۋە توربەت يازارلىرىدىن نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى، غەيرەت نىياز، دىلشات پەرھات، مۇھەممەتجان ئابدۇللا، نىجات ئازاد ۋە نۇر ئېلى ئوبۇل قاسىم قاتارلىقلارنىڭ خىتاي تۈرمىسىدىن تېزرەك ئەركىنلىككە چىقىشىنى، ئۇلارنىڭ يېزىش ھوقۇقىنىڭ كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشىنى چاقىرىق قىلدى.

كېيىن قازاقىستاندىن كەلگەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى رابىك ئىسمائىل ئەپەندى سۆز قىلىپ ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ بولۇپمۇ قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئېلىپ بارغان يېزىش ۋە نەشرىيات خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

پۈتۈن يىغىن ئەھلى چۇشلۇك ئارام ئېلىشتا ۋېنگرىيە دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رېستورانىدا بىرلىكتە غىزالانغاندىن كېيىن يىغىننىڭ چۈشتىن كېيىنكى داۋامىنى باشلىۋەتتى.

چۈشتىن كېيىنلىك پائالىيەتتە ۋېنگرىيىلىك پروفېسسور پېتىر بەلگۆلياش ئەپەندى "ھىندى ۋە ياۋروپا تىللىرى بىلەن ئالتاي - ئورال تىللىرى ئارىسىدىكى باغلىنىشلىق سۆزلەر " دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى .

كېيىن ۋېنگرىيە ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى **szorenyi lazlo** ئەپەندى ۋېنگرىيىلىك مەشھۇر تارىخشۇناس **aurel stein** ئەپەندىنىڭ شەرقشۇناسلىق تەتقىقاتىغا بىرلەشتۈرۈپ تەييارلىغان "ئۇيغۇر ۋە ھونلارنىڭ قەدىمكى زاماندىكى مۇناسىۋەتلىرى" دېگەن تېمىدا لېكسىيە سۆزلىدى.

ئاخىردا ئۇيغۇر ۋە ۋېنگرىيىلىك يازغۇچى - شائىرلارنىڭ قىسقا ئەسەرلىرىنى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا ئوقۇش ۋە ئۇيغۇر - ۋېنگر تىللىرىغا ئۆز - ئارا تەرجىمە قىلىش ئەركىن ئىجادىيەت كۆركى بولۇپ ئۆتتى. بۇ پائالىيەتكە قازاقىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ پېشقەدەم ئەزاسى، قازاقىستاندا تونۇلغان شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئەپەندى ئۆزىنىڭ بۇداپېشتقا كەلگەن تۇنجى كۈنى كەچتە دوناي دەرياسى بويلىرىنى زىيارەت قىلغانلىقىنى ۋە شۇ كۈنى ھونلارنىڭ ئاتىسى ئاتىللانىڭ سىماسىنى كۆرگەندەك بولغانلىقىنى ۋە يەنە شۇ دەقىقىلەردە مۇستەملىكىدىكى ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ تارىم - ئىلى دەريالىرى ئاچچىقتىن تولغىنىپ دەردلىك دولقۇنلاۋاتقانلىقلىرىنى شېئىري ھېسسياتى بىلەن بايان قىلدى.

شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئەپەندى شېئىرىسىنى ئوقۇشى بىلەن تەڭلا ئىنگلىز تىلى ئارقىلىق ۋېنگر تىلىغا ئەينەن تەرجىمە قىلىنىپ تۇرىدۇ. شېئىرنى ئاڭلىغان ۋېنگرىيىلىك ۋە ئۇيغۇر يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنى چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمدۈردى...




**دوناي دەرياسى بويىدا** [11]

ئېغىناپ ئاققان ئەزىم دەريا - دوناي،
بويۇڭغا كېلىپ قالدىم تونۇدۇڭمۇ؟
بىر چاغلار سېنى ئاتلىق كېچىپ ئۆتكەن
ئاتىللا باتۇرىڭدىن سورىدىڭمۇ؟!

بويۇڭغا كېلىپ قالدىم پاناھ تارتىپ،
بىر ساڭ ئۈمۈت ئارتىپ كېچەلمەستىن.
مەن چاڭقاپ يۈرىمەنغۇ تېخىچىلا،
ئازادلىق شەربىتىنى ئىچەلمەستىن.

دوپپامغا قاراپ مېنى تونۇدۇڭمۇ؟
ئۇيغۇر مەن "بدت" دا بايرىقىم يوق!
ۋەتىنىم بولغان بىلەن دۆلىتىم يوق،
شۇڭلاشقا ئەل قاتارى سۆلىتىم يوق!

هونلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا ياتلىقى يوق،
هاياتىنىڭ ئەركىنلىكتەك تاتلىقى يوق.
قانخورغا قارام بولۇپ قالدۇق ئەجەب،
ئۇيغۇرنىڭ ئۆزۈن بولدى شادلىقى يوق!

دوپپامغا قاراپ مېنى تونۇدۇڭمۇ؟
هون، ئۇيغۇر بىر ئاتىدىن تارالغانغۇ...
بىر چاغلار ئالەم گۇۋاھ، ئاغىمىزغا
ئورخۇندىن تارىمغىچە قارىغانغۇ!

ئوچۇملاپ سويۇڭ ئىچتىم سورىماستىن،
ئىككىمىز خۇدا قوشقان قېرىنداشقۇ...
سېنىڭ كۆكۈچ كۆزۈڭ كۈلگەن بىلەن،
مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم، كۆزۈم ياشقۇ
...

ۋېنگرىيە دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2011 - يىلى 21 - فېۋرالدىكى قەلبلەرنى چوڭقۇر هاياجانغا سالىدىغان ۋە كېلەچەككە ئۈمىدلىك باققان بۇ قېرىنداش ئۇيغۇر - هون قەلەمكەشلىرىنىڭ بۇ بىر كۈنلۈك پائالىيىتى ناهايىتى قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئاياغلىشىپ شۇ كۈنى كەچ سائەت 7 دە بۇداپېشت پرېزىدېنت مېهمانخانىسىنىڭ زالىدا بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ ئۇيغۇر خەلق ناخشا مۇزىكىلىرىدىن ئۆرنەكلەر كۆرسىتىدىغان مەخسۇس سەنئەتنى كېچىلىكى ئالقىش سادالار ئىچىدە باشلاندى.




سەھنىدە ئىككى ئىنگلىز، بىر ئۇيغۇر مۇزىكانت ۋە بىر ئۇيغۇر ناخشىچىدىن ئىبارەت 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ[12] مۇزىكانت ۋە ناخشىچىسى ئۇيغۇر 12 مۇقامىدىن راك مۇقامىنى جاراڭلىق ئىجرا قىلىۋاتقاندا بۇ مۇزىكىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىدىن زوقلىنىپ ئۆز قۇلىقى ۋە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ئولتۇرۇپ ئاڭلاۋاتقان ۋېنگرىيىلىك تاماشىبىنلار تېخىمۇ زور قىزىقىش ۋە زوقلىنىش ئىچىدە ھەر بىر نومۇر تۈگىگەندە ئالقىشلىرىنى توختىتالماي قالدى...

كونسېرت باشلىنىپ دەل يېرىمىغا كەلگەندە 20 مىنۇتلۇق ئارام ئېلىش ئېلان قىلىندى ۋە دەل شۇ پەيتتە سەھنىگە چىققان ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتى ئەزاسى رابىت ئىسمائىل ئەپەندى ئوتتۇرا ئاسىيادىن ۋەكىل بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ۋاكالىتەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ رەئىسى قەيسەر ئابدۇرۇسۇل ئۆزھۇن ئەپەندى بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ۋېنگرىيە مەركىزىنىڭ رەئىسى zoltán sumonyi ئەپەندىلەرگە ئۇيغۇرنىڭ تونى ۋە دوپپىسىنى كىيدۈرۈپ، ئىككى رەئىسنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇلارنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

*“ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سازى بولغان دۇتارنىڭ ئىككى تارىسى بار، ئىككى تار بولغاندا دۇتاردىن مۇشۇنداق مۇڭلۇق ئاۋاز چىقىدۇ، كىتابنىڭمۇ بىرىنچى بېتى بىلەن ئاخىرقى بېتىنى بىرلەشتۈرگەندە كىتابنىڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى چىقىدۇ. بۇ ئىككى رەئىس بىرگە بولۇپ، بىللە خىزمەت قىلىپ، بىر ـ بىرىگلارغا ماسلىشىپ ئۇيغۇر ۋە ۋېنگر خەلقلىرىنىڭ*

*بۈگۈنكى ئۆز - ئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈردۈڭلار. سىلەر ئىككىڭلار بۇ قېرىنداش ئۇيغۇر ۋە ھون ئىككى مىللەتنىڭ مەڭگۈلۈك دوستلۇقىنىڭ سىمۋولى سىلەر...”*

ئارقىدىنلا يەنە ۋېنگرىيىلىك باشقا بىر قانچە ئەزىز مېھمانلارغىمۇ ئۇيغۇر دوپپىسى كىيدۈردى ۋە مىننەتدارلىقلار بىلدۈرۈلدى...

لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ ئىجراسىدىكى ئۇيغۇر سەنئەت كونسېرتىنىڭ داۋامى لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ بۇلبۇلى - رەھىمە مەخمۇت خانىم ئىجراسىدا “بىزنىڭ ناخشىمىز” دېگەن ناخشىنى ئەينەن تېكستى بويىچە ئورۇنداش بىلەن باشلاندى:




## بىزنىڭ ناخشىمىز

ھەممە ئىشتا خوش دىدار خەلقىم، ياراتتى ناخشىدىن داستان،
ساداسى ياڭرىسا كۆكتە، سۆيۈندى يەر بىلەن ئاسمان.

ياشايدۇ ئەل بىلەن، ئەل بىلەن بىللە قەدىمدىن يادىكار ناخشام،
ھاياتنىڭ كۆزگە زىننەت، يۈرەكتە ئىنتىزار ناخشام.

بولۇپ جەڭلەردە چوغ  مەشئەل، يۈرەكتە ناخشىمىز ۋولقان،
يورۇتقان ئاشۇ تۈنلەرنى، قىلىپ ھەيران زىمىستاننى جىمى گۈلخان.

ياشايدۇ ئەل بىلەن، ئەل بىلەن بىللە قەدىمدىن يادىكار ناخشام،
ھاياتنىڭ كۆزىگە زىننەت، يۈرەكتە ئىنتىزار ناخشام.

ھەي... ئۆگەتتى ناخشىمىز ئەلگە، ھەي... مۇھەببەت سۆيگۈ نەپرەتنى،
ھەي... يېتەكلەپ ماڭىدۇ مۇشۇ كۈندە، ھەي... تۈمەنلەپ يېڭى ئەۋلادنى.

ياشايدۇ ئەل بىلەن، ئەل بىلە بىللە قەدىمدىن يادىكار ناخشام،
ھاياتنىڭ كۆزىگە زىننەت، يۈرەكتە ئىنتىزار ناخشام...

كونسېرتنىڭ ئاخىرىدا "ئاتۇش" پەدىسىگە چېلىنغان ئۇيغۇرنىڭ شوخ ئۇسسۇللۇق مۇزىكىسى ياڭراق خەلق قوشاقلىرى بىلەن بىللە جاراڭلىغاندا ئۇيغۇر ۋە ۋېنگرىيىلىك دوستلار سەھنىگە چىقىپ ئۇيغۇر ئۇسۇلىنى باشلىۋەتتى... بۇ سەنئەت كېچىلىكى ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر مەشرىپى بىلەن قاينام    تاشقىنلىق ئىچىدە ئاياغلاشتى.

## ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر يىغىنىنىڭ ئىككىنچى كۈنى

ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ يىغىنى 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى بۇداپېشت پرېزىدېنت مېھمانخانىسى يىغىن زالىدا ئىككىنچى كۈنگە قەدەم قويدى .بۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ رەئىسى قەيسەر ئابدۇرۇسۇل ئۆزھۇن ئەپەندى ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ كەلگۈسىدىكى كونكرېتنى خىزمەت پىلانلىرى ھەققىدە توختالدى. ئارقىدىن خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ ئەزاسى ۋە توربەت باشقۇرغۇچىسى ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى "ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمي نەزەر : ئۇيغۇرلاردا ئىنتېرنېتنىڭ قوللىنىلىشى ئەركىن پىكىر بايان قىلىشنىڭ ۋاستىسى"  دېگەن تېمىدىكى ئىلمي ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى .

بۇ ماقالىدا ئاساسلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەڭ ئاچچىق قىسمەت ۋە تراگېدىيىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10 يىلى بۇ ئەسىرنىڭ بىرىنچى 10 يىلىدا يېڭى ئۇچۇر ـ ئالاقە تېخنىكىسى ئىنتېرنېت تورى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بۇ دۇنياۋى ئۇچۇر ـ ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى ئىنتېرنېت تورنى قانداق ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەنلىگىدىن تارتىپ بۈگۈنكى ئەھۋاللىرى 2009ـ يىلى يۈز بەرگەن "5ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" نىڭ ئالدى ـ كەينىدە بولۇپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ۋە خەن خىتاي مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئېتنىك توقۇنۇشلارغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋەقەدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رايوندىكى ئىنتېرنېت ۋە ئۇچۇر ئالاقىلىرىنى بىر يىلغا قەدەر ئۈزۈۋەتكەنلىكى، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كۆپ ساندىكى ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ تاقاقلىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى، خىتاي دائىرىلىرى ۋەقە يۈزبېرىپ ھازىرغىچە ناھايىتى سانى ئېنىقسىز بولغان كوپ ساندىكى

ئۇيغۇرلارنى قولغا ئالغانلىقى ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇپمۇ ئىنتېرنېت ۋە ئۇيغۇر توربېكەتلىرىگە باغلىنىپ ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى، يازغۇچىلار ۋە تەرجىمانلارنىڭ قولغا ئالغانلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇز ئالدىغا راۋاجلاندۇرغان ئىنتېرنېت تور-ئالاقە ئۇچۇر ۋاستىللىرىغا قارتا ئىجرا قىلىنۋاتقان تەقىبلەش سىياستىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىلدىكى سىياستىگە خەلقئارانىڭ قانداق ئىنكاستا بولغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدىكى ئىنتېرنېت تور ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان چەكلىك باغلىنىشلىرى قاتارلىق بىر تۈرلۈك ئامىللار ئەتراپلىق ھالدا ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ۋە دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلىكلەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان .

ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى ئاخىرىدا يەنە ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ توربېكىتى www.uyghurpen.org سەھىپىسىنى قانداق قىلغاندا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈنۈملۈك قوللىنالايدىغانلىقى ھەققىدە تېخنىكىلىق چۈشەنچىلەر بېرىپ ئۆتتى.




يىغىننىڭ چۈشتىن كېيىنكى داۋامىدا قازاقىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ ئەزاسى ۋە قازاقىستان رېسپۇبلىكىلىق "ئۇيغۇر ئاۋازى" گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى ئازماتوۋ يولداش ئابدۇقدىرووۋىچ ئەپەندى قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۆلەتلىك نەشر

ئەپكار "ئۇيغۇر ئاۋازى" گېزىتىنىڭ يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

ئاخىرىدا ئازماتوۋ يولداش ئابدۇقدىروۋىچ ئەپەندى قازاقىستاندىن نەشر قىلىنغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى، سەنئەتكارلىرى ۋە ھەر ساھەلەردىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھايات تارىخى مۇجەسسەملەنگەن "قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيەس" نى خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ رەئىسى قەيسەر ئابدۇرۇسۇل ئۆزھۇن ئەپەندىگە تەقدىم قىلدى.

كېيىن تۈركىيىدىن ۋەكىل بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ ئەزاسى پروفېسسور دوكتور سۇلتان مەخمۇت قەشقىرى ئەپەندى سۆز قىلىپ ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ دۇچ كېلىۋاتقان يېزىش ھوقۇقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتتى.



# ئۇيغۇرلار بىلەن ھونلارنىڭ مۇشائىرە (شېئىر ئوقۇش) سورۇنى

بۇ مۇشائىرە سورۇنى ئۇيغۇر ۋە ھونلارنىڭ ئۆز ـ ئارا چۈشىنىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ئەڭ ئاخىرقى پروگراممىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ پائالىيەت 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچ سائەت 6 دە باشلىنىپ سائەت 8 يېرىمغىچە ۋېنگرىيە پايتەختى بۇداپېشتتىكى پرېزىدېنت مېھمانخانىسىدا بولۇپ ئۆتتى.

بۇ سورۇنغا ۋېنگرىيىلىك ئەزىز مېھمانلاردىن ۋېنگرىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىدىن دوكتور katalin budai، ۋېنگرىيە دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى janos szentmartoni ۋە خەلقئارا قەلەمكەشلەر ۋېنگرىيە مەركىزىنىڭ رەئىسى zoltan sumonyi قاتارلىق كىشىلەر بارلىق ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر ۋەكىللىرى بىلەن بىللە بۇ پائالىيەتكە قاتناشتى.

مۇشائىرە سورۇنىدا ۋېنگرىيىلىك مەشھۇر شائىرلاردىن alėxsandėr ۋە tibor weiner، sennyey elizabeth قاتارلىقلار بىلەن بىرگە، ئۇيغۇر شائىرلاردىن قازاقىستاندىن كەلگەن ئاتاقلىق شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئەپەندى، تۈركىيىدىن دوكتور سۇلتان مەخمۇت قەشقىرى ئەپەندى، كانادادىن تۇيغۇن ئابدۇۋەلى ئەپەندى، ئەنگلىيىلىك ئەزىز ئەيسا ئەلكىن ئەپەندى قاتارلىقلار ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئۆتتى. ئوقۇلغان شېئىرلار ئۇيغۇر تىلى ۋە ئېنگلىس تىللىرىغا نەق مەيداندا تەرجىمە قىلىنىپ، ئىككى قېرىنداش مىللەت كىشىلىرىنىڭ كۈچلۈك ھاياجانلىرىنى قوزغىدى.



بۇ مۇشائىرە بەزمىسىنى قازاقىستاندا تونۇلغان پېشقەدەم شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ "ئۇيغۇرىستان" ناملىق تارىخىي داستانى بىلەن باشلاندى:

## ئۇيغۇرىستان



(تارىخىي داستان)
ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق

مۇقەددىمە

ئۇيغۇرىستان، ئۇن مىڭ ياشلىق ئاقۋاش ئانامسەن،
سەن ئانامسەن، گەر بولمىسا دىلدا يانامسەن؟

ئۇيغۇرىستان ـ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق،
سەندىن كېچىپ ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشىراق.

ئۇيغۇرىستان پەرزەنتىگمەن، شوخ بەگۋاشلىقىم،
چاچلىرىڭنى ئاقارتقانغۇ، ئانا، ياشلىقىم.

ئاسالمىدىم تىل تەگمەسچۇن تۇمار بوينۇڭغا،
قانچە قىلسا تارتىپ تۇردۇڭ ئىسسىق قوينۇڭغا.
...

خاتىمە

ئۇيغۇرىستان بۇ ئەسىردە بولمايدۇ ئەسىر،
ئۇ قەشقەرنى ئاستانە قىلىپ قۇرىدۇ قەسىر.
ئۇيغۇرىستان بۇ ئەسىردە بولمايدۇ بىتاب،
بۇ ۋەتەننى نۇرغا قاپلاپ چىقىدۇ ئاپتاپ.
ئۇيغۇرىستان ئەمدى ئەمەس ھېچ قۇرۇق ئەمچەك،
ئەمدى چىقماس ئازادلىققا ئۇ "قارا چېچەك!"
ئازادلىقتىن ئارتۇق بەخت بارمۇ جاھاندا؟!
ئالتۇن قەپەس ئىچرە سايرار قۇشمۇ پۇخادا.
تىلىگەنگە كۆكتىن چۈشمەس ھەرگىز ئازادلىق،
ئاھ، ئازادلىق قانچە شېرىن، قانچىلىك تاتلىق!

سورىغانغا بەرمەس ياۋلار تاجۇ - تەختىڭنى،
كىملەر ئىدى ئوغرىلىغان سېنىڭ بەختىڭنى؟
تىلىگەنگە بەخت كەلمەس، كەلمەس سائادەت،
رەقىبلەرنى كۆرۈپ يۈرمەك قانچىلىك چوڭ دەرد.

ئۇيغۇرىستان ئۆز قولۇڭدا تۇرار تەقدىرىڭ،
پاكلانمايدۇ قاندا يۇماي تەقدىرىڭ.
ھەر كىمگە ھەم كىندىك قېنى تامغان يەر تاتلىق،
ئۆز ئەلىڭچۈن كۈرەش قىلساڭ بولماس خاتالىق؟
ئازاتلىقچۈن كۈرەشكەنلەر "تېررورىست" ئەمەس،
تېررورىستلار "تېررورىست" دەر ئەمما ئەل دېمەس...
ئېرىك ئۈچۈن، تەڭلىك ئۈچۈن كېرەك زىرىپ ئالماس،
ئەجدادلاردىن بىزگە قالغان كۈرەشمەك مىراس!
جاندىن كەچمەي يېتىپ بولماس دەيدۇ جانانغا،
ئازادلىق ئۈچۈن ئەلەم تۇتۇپ، جار سال جاھانغا.
شۇ چاغ جاھان جور بولىدۇ ئىزگۇ يولۇڭغا،
شۇ چاغ بەخت قۇشى قونار سېنىڭ قولۇڭغا.
...

تۈركىيەدىن كەلگەن پېشقەدەم شائىر، يازغۇچى دوكتور سۇلتان مەخمۇت قەشقىرى ئەپەندى شېئىرىسنى مۇنداق باشلايدۇ:



## شېئىرىم

سۇلتان مەھمۇد قەشقىرى

شېئىرىم، شېئىرىم، سەن مېنىڭكى تىغى ئۆتكۈر،
قورالىم سەن جەڭگە كىرسەم سايرايدىغان.
شېئىرىم، شېئىرىم، سەن مىنىڭ چوڭ بەيگىلەردە،
دۇلدۇلۇم سەن ئوقتەك ئۇچۇپ ھارمايدىغان.

شېئىرىم، شېئىرىم، سەن مېنىڭكى زۇلپىقارىم،
ۋەھشي ياۋنىڭ يۈرگىنى تىلغايدىغان.
شېئىرىم، شېئىرىم، سەن ھەقىقەت مىزانى سەن،
ئاق قارىنى ھۆكۈم بىلەن ئىلغايدىغان.

شېئىرىم، شېئىرىم، سەن يۈرگۈم تەرجىمانى،
پىكرىم زىكرىم بولۇپ كۆكتە چاقنايدىغان.

يالماۋۇزلار چاۋىسنى چىتقا يېيىپ،
تەھدىت بىلەن ئاھ ـ زارىغا باقمايدىغان.

شېئىرىم، شېئىرىم، سەن مېنىڭ جان يولدىشىم سەن،
شادلىقىمغا كۆڭلى ياشناپ يايرايدىغان.
شېئىرىم، شېئىرىم، مۇشكۈللەردە قولدىشىم سەن،
خېيىمخەتەر تەھلىكىدىن ئاسرايدىغان.

شېئىرىم، شېئىرىم، يالقۇنجىغان يالقۇنۇم سەن،
مۇزلىغاندا كۆكرىكىمنى قاقلايدىغان.
ھەقسىزلىقنى كۆيدۈرگۈچى بومبا بولۇپ،
ئادالەتنى كۆكرەك كېرىپ ياقلايدىغان.

شېئىرىم، شېئىرىم، سەن خەلقىمنىڭ چاكىرى سەن،
ئۈمىدىنى ئاق يۈز بىلەن ئاقلايدىغان.
سەن جەسۇر سەن ئەجدادلارنىڭ غايىسىنى،
يۈرىكىگە قاتتىق پۈكۈپ ساقلايدىغان.

تۆۋەندە كانادادىن ۋەكىل بولۇپ كەلگەن ياش، تالانتلىق شائىر تۇيغۇن ئابدۇۋەلى ئەپەندى ئوقۇغان شېئىردىن ھۇزۇر ئالايلى:

## كۆزلىرىمدە مۆگدەيدۇ قۇياش

تۇيغۇن ئابدۇۋەلى



مەن شەھەرلىك ئاددىي بىر ئادەم،
سەھرالىققا ئوخشايمەن بىراق.
يۈرىكىمۇ سوقىدۇ ھالسىز،
كۆزلىرىمدە مۆگدەيدۇ قۇياش.
كۈندۈزلىرى كۈلۈپ يۈرىمەن،
غېرىبلىقتا كېچىسى، ئەمما،
چانىقىمدىن قورقمايدۇ قۇياش.

كۆزلىرىمدە مۆگدەيدۇ قۇياش،
بولۇپ قالار يوللىرىم خىرە.
پۈتلىشىپ مەن ماڭالماي قالسام،
كۆرۈپ قېلىپ يىقىلغىنىمنى،
يۆلەپ قويار كىم كېلىپ مېنى؟
ئاشىقىدىن ئايرىلغان قىزنىڭ،

ياش لىقمۇ    لىق تولغان كۆزىدەك،
خىيالىممۇ قالسا مۇگىلىنىپ،
كىممۇ سۇرتۇپ قويار يېشىمنى،
رەستىدىكى سېمىز قاسساپنىڭ،

ئالدىدىكى باغلانغان قويدەك.
تېپىچەكلىسە ئۈمىدلىرىممۇ،
كىممۇ بەزلەپ قويار قەلبىمنى؟
تەنهالىقتا كەتسەم ئىچىرقاپ،
ناتونۇش دوست بەرگەنناننى يەپ،
پۈتۈپ قالسا ئاۋازىممۇ،
كىم ساداغا ئۆندەر تىلىمنى؟!
كىممۇ يوقلاپ كېلەر ھەم مېنى؟
كۆزلىرىمدە مۇگدەيدۇ قۇياش.
تېمىم    تېمىم كۆز ياشلىرىمنى،
بۇلۇتلارغا سۇرتكۈزگەن ئىدى.
خىجىل بولۇپ كېتەر شەپەقمۇ،
تېمىم    تېمىم ھەسرەتلىرىمنى،
ئېلىپ كەتسە قۇياشقا قوشۇپ،
ئېلىپ كەتسە تەنهالىقىمنى،
زىمىستان تاغ چوققىسىدا،
چېچەك ئاچقان قار لەيلىسىدەك،
ئېچىلىپ كېتەر غەرب كۆڭلۈممۇ.

ئارقىدىن ئەنگىلىيەدىن كەلگەن ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندى ئىنگلىز ۋە ئۇيغۇر تىللىرىدا يازغان ئىككى پارچە شېئىرىسىنى ئوقۇيدۇ. تۆۋەندە ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇرچە يازغان بىر شېئىرىسىدىن تەك ھۇزۇرلىنايلى :

## غۇرۇرۇمدا مۇرەسسىز داۋا



ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن

ئۇيغۇرۇم-
ئىپتىخار مىللىتىم-
مېنىڭ غۇرۇرۇم ...

ئەقىدە - ئىمانىمىز بار،
ئىرادىمىز تامان يۈكسەك.
ھۆرلۈكنىڭ-

ئۇيغۇرۇمنىڭ ـ
ۋەتەنگە ئۇ تەسەددۇق سۆيگۈ ـ
ئىپادىگە تىل پۈتمەس ـ
بۈيۈكلۈكى ھەتتا ئۇنىڭ ـ
خان تەڭرىدەك مۇقەددەس .

ئوڭۇم ـ چۈشۈمدە ـ
مەن ئويغاق.
ۋەتەنسىزلىك دەردى ماڭا تولغاق...
مەجنۇنلۇقتىن مەن دىدار يىراق ـ
بۇ كۈن ئەمەس بىزگە بىر تىلسىم ـ
كۆرۈنسىمۇ مەنزىلى ئۇزاق .

رەھىمسىز سەن ھەي دۇنيا ـ
ئۇيغۇرغا سەن بىۋاپا.
دۇنيارىمدا مىسلىسىز چۇقان.
ساڭا قارشى بۈيۈك ئىسيان ـ
دىلىم ...تىلىم...ۋۇجۇدۇمدا ـ
غۇرۇرۇمدا مۇرەسسىز داۋا ...

ئاتەشتۇر ۋەتەن سۆيگۈسى،
ياشىماق ۋەتەنسىز بىر كۈن ـ
زىندان زىيا قاراڭغۇ ئۇ تۈن ـ
دەردى دوزاختىن ئۆتەر مىڭ يامان.
مەن بەندە شۇنداق ۋۇجۇدۇم كۆيگەن ـ
پەرۋانەڭ بولۇپ ۋەتەننى سۆيگەن ـ
سېلىپ قويغىن بىر نۆۋەت پەقەت ـ
دەردىگە ئۇيغۇرنىڭ دۇنياۋى ئىنسان !!!

ياشا ئۇيغۇرۇم!
سەنلا مېنىڭ غۇرۇرۇم.
ئەجداد روھى ساڭا مەدەتكار.
"سادىر "نىڭ باتۇر سىيماسى ـ
"كۈرەشچان يىللار "مىراسى ـ
نوزۇگۇمنىڭ كەچمىشى...
"ياۋا كەپتەر "مارشى...
ئۈندەيدۇ ھامان...
ھامان سېنى كۈرەشكە داۋام.
ھەر تومۇردا ئاققىنى بىر قان ـ
ئاققۇسى ئەۋلاد روھىدا تامان .

ئۇيغۇرۇم-
ئىپتىخار مىللىتىم-
سەن مېنىڭ غۇرۇرۇم .

بۇ كۈنىدىكى ئۇيغۇرلار شائىرلىرى بىلەن بىلەن ھون شائىرلىرىنىڭ مۇشائىرە سورۇنى 2 سائەتتىن ئارتۇق داۋام قىلىپ قىزغىن كەيپىياتلار ئىچىدە ئاياغلاشتى.

## بۇداپېشتتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر كۈن

خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلۈك پائالىيىتى 2- ئاينىڭ 23 - كۈنى بۇداپېشت پرېزىدېنت مېھمانخانىسى يىغىن زالىدا سائەت 9 دا باشلاندى .

خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ رەئىسى قەيسەر ئابدۇرۇسۇل ئۆزھۇن ئەپەندى بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئاياغلىشىش خۇلاسە سۆزى قىلىپ بۇ 3 كۈندىن بۇيان داۋام قىلغان يىغىننىڭ كۆزلىگەن مەقستى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان بىر يىغىن بولغانلىقىنى بولۇپمۇ ئۇيغۇر ۋە ھون (ۋېنگرىيىلىك) يازغۇچىلارنىڭ ئۆز - ئارا ئۇچۇرۇشۇش ئارقىلىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى بولسا بىر تارىخي ئەھمىيەتلىك ئىش بولغانلىقىنى ۋە شۇ ۋەجىدىن ناھايىتى يىراق يوللارنى بېسىپ ھەتتا قىتئەلەر ئاتلاپ ھەر قايسى دۆلەتلەردىن بۇ يىغىنغا كەلگەن بارلىق ۋەكىللەرگە ئۆزىنىڭ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردىغانلىغىنى ئىپادىلەپ ئۆتتى.

قەيسەر ئابدۇرۇسۇل ئۆزھۇن ئەپەندى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا بۈگۈنكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بولۇپمۇ ۋەتەندىكى يېزىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا دەۋەت قىلدى ۋە يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ قايتىش سەپىرىنىڭ ئاق يول بولۇشىنى تىلەپ خوشلاشتى.

ۋە بۇ قاتاردا خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ باش تەپتىشى ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر باش كاتىپى خەمىت ھەمرايېۋ، ئەزالاردىن قازاقىستاندىن كەلگەن ۋەققاس ئەپەندى، ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئەپەندى، خالىلوۋ ئەلىشىر ئەپەندى، قىرغىزىستاندىن تۇرسۇن ئىسلام ئەپەندى، ئاۋستىرالىيىدىن كەلگەن سۇيۇنگۈل خانىم قاتارلىق يىغىن ئىشتىراكچىلىرى يىغىن توغرىسىدا ئۆز تەسىراتلىرىنى بايا قىلىپ، يىغىن ئەھلى بىلەن دىدارلاشتى.

ۋەتەنسىزلىك قىسمەتلىرىدىن دۇنيانىڭ ھەر جايلىرىغا تارقىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇر يازارلىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆز - ئارا سۆھبەتلەردە بولۇشى، ئۆز -ئارا كۆڭۈل بولىدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىشى بولۇپمۇ ئۇز ۋەتىنىنى چوڭقۇر

سېغىنىش ئوتلىرى ئىچىدە ئۆز مۇھەببەتلىرىنى ئىزھار قىلىشىپ ئۆتكەن بۇ بىر قانچە كۈنلۈك ھايات ئەمدى مانا ئاخىرلىشىش دەقىقلىرىدە تۇرماقتا .




ئايرىلىش يەنە ئايرىلىش ۋە يات ئەللەرنى ۋاقىتلىق پاناھلىق قىلىپ ياشاش ئەلۋەتتە ۋەتەن سۆيەر ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماي قالمايدۇ ...يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن پىشقەدەم يازغۇچىلار ئۆز سۆزلىرىنى تۈگىتىپ سەھنىدىن ئايرىلغاندا كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئاققان ئايرىلىش ياشلىرىنى يوشۇرۇپ قالالمىدى ...

بۇ يىغىندا ناھايىتمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان بىر ئىش كوپ ساندىكى ياشىنىپ قالغان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرى بىلەن ئاساسلىق غەرب ئەللىرىدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ياش يازارلىرىنىڭ ئۇچرىشىشى بولۇپ، مۇنداق بىر تارىخىي ئۇچرىشىش سىزگە ئاتىنىڭ ئۆز كەسپىنى ۋە ھاياتىدىن چالا قىلىپ قالغان تۈگىتەلمىگەن ئىشلىرىنى ۋەسىيەت قىلىپ باللىرىغا قالدۇرۇۋاتقان ئەينەن بىر كۆرۈنۈشنى ئەسلىتىدىغانلىغى تەبىئىي ئەمما بۇ ئۇيغۇرنىڭ بۆگۈنكى رېئاللىقى .بىر مىللەتنىڭ ئۆز مىللىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن ئەجدادلار ئىزىنى ياشلارنىڭ بېسىشى ۋە قىلىپ تۈگىتەلمىگەن ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئادا قىلىشى بىر مەجبۇرىيەتتۇر ۋە شۇنداق بولغاندىلا مىللەت مىللەت بولۇپ ياشنايدۇ ۋە مىللەت يىلتىزى كېيىنكى ئەۋلادلارغىچە داۋام قىلىدۇ .

بۇ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كۆپ ساھەلىرى مەيلى سىياسەتچىللىرى، يازغۇچىلىرى بولسۇن، ئالىملىرى، تىجارەتچىلىرى ياكى سەنئەتكارلىرى بولسۇن ھەممە ساھەلىرى دېگەندەك مانا مۇشۇنداق بىر تارىخىي ھەل قىلغۇچىلىق ئۆتكەلدە تۇرماقتا .




بۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋېنگرىيىلىك elizabeth خانىم يېتەكچىلىكىدىكى خەلقئارا قەلەمكەشلەر ۋېنگر مەركىزىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا دوناي دەرياسى ۋە بۇداپېشت شەھىرىنىڭ تارىخىي ئىزلىرىنى زىيارەت قىلدۇردى.

## دوناي دەرياسى بويىغا زىيارەت



بىز بارلىق يىغىن ئىشتىراكچىلىرى دەسلەپتە ۋېنگىرىيە پايتەختى بۇداپېشتىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ۋېنگىرىيە قەھرىمانلار مۇنارىنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ قەھرىمانلار ئابىدىلىرى تارىختا تۈنجى قېتىم ھونلار ھازىرقى ۋېنگىرىيە تۇپرىقىغا قەدەم باسقان 7 قەبىلە باشلىقىنىڭ ۋە 14 پادىشاھنىڭ ھەيكىلىنى قاتۇرغان بولۇپ بۇ 7 قەبىلە باشلىقى ئۆزىنىڭ يەرلىك ئالاھىدىلىكى ھەم ئاھالىسى بىلەن بۇ ھون تۇپرىقىغا كىرىپ، ئۆز ئالدىغا يۇرت سوراپ ياشىغان ئىكەن. كېيىن دۆلەت بىرلىككە كېلىپ، ھون زېمىنىنى مەشھۇر 14 پادىشاھ سورىغان ئىكەن. "قىزىقارلىق يېرى، ھازىر ۋېنگىرىيەدىكى ھەر ئۈچ ئەرنىڭ ئىككىسىنىڭ ئىسمى "ئاتىللا" ئىكەن. ۋېنگىرلارنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتتى دېگەندەك ياخشى بولمىغاچ ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن چېگرا ماجىرالىرى بولغاچ، ئۆز دۆلىتىنىڭ بىرلىكىنى، مەۋجۇتلۇقىنى كۈچلۈك ھون روھى ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن قوغداپ ياشايدىكەن"

بۇداپېشت شەھىرى دوناي دەرياسىنى چېگرا قىلغان ھالدا پەس ۋە بۇدا دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدىكەن. بۇ ئىككى شەھەرنىڭ قوشۇلغان ئىسمى ھازىرقى بۇداپېشت شەھىرىنى شەكىللەندۈرگەن ئەمما تارىختا بىر بۇ ئىككى شەھەر نەچچە يۈز يىللار سىياسي جەھەتلەردىن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرغان.

بىز بۇداپېشت قەھرىمانلار مۇنارىنى زىيارەت قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن ۋېنگىرىيىلىك يولباشچىمىز elizabeth خانىم يېتەكچىلىكىدە دوناي دەرياسى بويىنى بويلاپ بۇدا شەھىرى تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق ۋە ناھايىتىمۇ ھەيۋەتلىك سېلىنغان دوناي دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكى ئارقىلىق دۇنياغا داڭلىق دوناي دەرياسىنى كېسىپ ئۆتۈپ بۇدا شەھرىگە جايلاشقان پادىشاھ سارىيىنى زىيارەت قىلدۇق.

گەرچە بۇ كۈنى ھاۋا شۇنچە سوغۇق بولغان بولسىمۇ ئەمما ئارىمىزدىكى يېشى چوڭ مويسىپىت ئاكا - ھەدىلىرىمىز ناھايىتى روھلۇق كەيپىياتلىرى بىلەن بۇ زىيارەت سەپىرىمىزگە تېخىمۇ كوپ ئىلھاملار بېغىشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرى ۋېنگىرىيە ۋە بۇداپېشت توغرىسىدا كىتابلاردا ئوقۇغان بىلىملىرىنى بىزگە ئايىماي ئېيتىپ بەردى.



يولدا بىز ئۆز ـ ئارا بۇداپېشت شەھەر تارىخى توغرىسىدا كەڭ كۇشادە پاراڭلار قىلىشتۇق. مەن يول باشلىغۇچىمىز elizabeth خانىمدىن ئىنگلىزچە مۇنداق بىر سوئالنى سورىدۇم: “مەن ۋېنگرىيىنىڭ 15 ـ ئەسىرلەردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولغانلىقىنى كىتابلاردىن ئوقۇغان ئىدىم، سىز ئېيتىپ بەرسىڭىز، شۇ چاغدا ئوسمان ئىمپېرىيىسى بۇداپېشت شەھىرىنى قانداق بويسۇندۇرغان؟ ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئەسكەرلىرى بىلەن ھونلار ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشلار بولغانمۇ؟” دەپ سورىغان سوئالىمغا مۇنداق جاۋاب بەردى: “ئۇ چاغدا بەك ۋەھشىي ئۇرۇش بولغان. بىز ھونلار تەقۋادار خرىستىئانلار، ئوسمانلى تۈرۈكلىرى بولسا ئىسلام بايرىقى ئاستىدا بىزگە ھۇجۇم قىلغان . ئۇرۇش نەچچە ئون ـ يىگىرمە يىللاپ داۋام قىلغان .ئەڭ ئاخىردا بىز ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى ۋېنگرىيىدىن قوغلاپ چىقاردۇق ئەمما بۇنىڭغا ئاز بولغاندا 150 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەن ۋە نەچچە يۈزمىڭلىغان ئىنسانلار ھاياتىدىن ئايرىلغان..."[12]

elizabeth خانىم ماڭا چۈشەندۈرۈپ: “بىز ھونلار گەرچە تارىختا ئاتىللا باشچىلىقىدا ناھايىتى كۈچلۈك ياۋروپا ھون ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ ئالەمشۇمۇل تارىخلارنى قالدۇرغان خەلق بولساقمۇ بىز يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ياۋروپادا ئەڭ كوپ بەدەل تۆلىگەن خەلقمىز. بۈگۈنكى مۇستەقىل ۋېنگرىيە دۆلىتىنىمۇ قولدىن بېرىپ قويغىلى تاسلا قالدۇق. موڭغۇللار بىزگە ھۇجۇم قىلغاندا بىز ئۇلارغا قارشى قاتتىق جەڭ قىلغان، ئاخىردا موڭغۇللار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا پۈتۈن ھونلار ئاھالىسىنىڭ تەڭ يېرىمى دېگەندەك ھالاك بولغان. دۇنيادا بىز ھونلارغا ھۇجۇم قىلمىغان كۈچلەر يوق دېيەرلىك 2ـ قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا گىتلېر گېرمانىيىسىنىڭ بومباردىمان قىلىپ ۋېنگرىيىنى تولۇق

ئىشغال قىلغىنىدىن تارتىپ ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ھاۋا ھۇجۇملىرىدىن تاكى ستالىن قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئىشغالىيىتىگىچە ...

بىز ۋېنگرىيىلىكلەر ئۇرۇشقا كانىيىمىزغىچە تويغان خەلق .باشقىلار بىزنى بوزەك قىلىمىز، زېمىنىمىزنى ئىشغال قىلىمىز دەيدۇ ئەمما بىزدە قېنىمىزغا سىڭگەن ئاتىللانىڭ روھى ھازىرمۇ بار .بىز باش ئەگمەيمىز .بىز ۋېنگرىيىلىكلەر يېقىنقى يىللاردا ئاخىرى سوۋېت ئىشغالىيىتىدىن ئازاد بولۇپ ئەركىن ۋە مۇستەقىل ۋېنگرىيە دۆلىتىدە ياشاۋاتقىنىمىزغا پەقەت 20 نەچچە يىللا بولدى ... "

ئۇيغۇرنىڭ تارىخي ئەجدادى ھون باتۇرى ئاتىللانىڭ ئاتلىرى كېچىپ ئۆتكەن تارىخنىڭ يەككە شاھىتى بولغان ئەزىم دوناي دەرياسى بويىدا Elizabeth خانىمنىڭ بۇ بايانلىرىنى ئاڭلاپ تۇگىتىپ بولالمايلا ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل ئاچچىق سۇكۇت، ئۆز ھالىمغا ئۆكۈنۈش تۇيغۇلىرى چىرمىۋالدى...



ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر باتۇرلۇق ھەققىدە يېزىلغان ھېچ بىر ئىنسان ئوقۇپ باقمىغان كىتابتىن دەرس ئالغاندەك بولدۇم... راست دەيدۇ، بۇ خانىمنىڭ ئېيتقانلىرى توغرا، بۇ ھونلارنىڭ ئۆتكەنكى كەچمىشى ۋە بۈگۈنكى ھاياتى.

**تارىخ يارىتالمىغان مىللەتنىڭ ئەتىسى بولمايدۇ، ئەتىسى بولمىغان مىللەتنىڭ كېلەچەكنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس!**

ئېگىزلىككە جايلاشقان بۇدا پادىشاھلىق سارىيىنىڭ قەلئەلىرى كۆزنەكلىرىدىن كۆزۈم خۇددى ئۆيگە ئېسىلغان ئەڭ ئېسىل مەنزىرىلىك رەسىملەردىنمۇ گۈزەل كۆرۈنۈۋاتقان ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەڭ گۈزەل بىناكارلىقىنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەنگەن دوناي دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى هونلار پۈتكۈل تارىخىدا بەرپا قىلغان شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ گۈزەل شەھەرگە تىكىلمەكتە ئەمما ئەقىل كۆزۈم تارىم دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا توپا رەڭ كۆرۈنىدىغان، مۈكچەيگەن پاكار كېسەك ئۆيلەرگە، توپ چاڭ كوتۈرلۈپ تۇرىدىغان تار چىغىر يوللارغا ۋە ئۇ ئۆيلەردە ياشايدىغان تەقۋادار، ئاقكۆڭۈل، مۆمىن ئۇيغۇرۇمنىڭ ئىپتىدائىي مەھەللىرىگە قادالماقتا... بۇ دەقىقىلەردە يۈرىكىمدە پەيدا بولغان نادامەتلىك پىغانلار ۋۇجۇدۇمنى تىلغىماقتا... قىياسىمچە مېنىڭدە پەيدا بولغان مۇنداق تۇيغۇلار بەلكىم سىزدىمۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن چۈنكى تارىختىكى هون بوۋىمىزنىڭ بۈگۈنكى ئەجدادلىرى بىز ئۇيغۇرلارغا بۇ دۇنيادا قانداق قىلغاندا ۋە قانداق بەدەللەرنى تۆلىگەندە بىر مۇستەقىل ۋەتەندە ئىززەت هۆرمەت بىلەن ياشىغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر قىممەتلىك تەلىماتنى سۆزلەپ بەرمەكتە...

بىز قىزغىن پاراڭلار ئىچىدە ساياھىتىمىزنى كەچ سائەت 5 لەردە ئاياغلاشتۇرۇپ ھەممىمىز ئايرىم ئايرىم بىر قانچە تاكسىغا بولۇنۇپ ۋېنگرىيىلىك ئاتاقلىق شائىر alexander نىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭ ئۆيىدە زىياپەتتە بولۇشقا يۈرۈپ كەتتۇق .

شائىر alexander نىڭ ئويى ناھايىتى چوڭ بولۇپ ئاز دېگەندىمۇ 30 نەچچە ئۇيغۇرنى ۋە 10 نەچچە ھون دوستلىرىمىزنى كەڭ كۇشادە كۈتۈۋالدى. بىز ئايرىم خانە ئۆيدە ياشلار بىر يەرگە جەم بولۇپ ھون ياشلىرى ئېلىپ كەلگەن چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ ناخشىچىسى رەھىمە خانىم باشچىلىقىدا ھون ۋە ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىغا جور بولۇپ كەيپىياتىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرسەك، چوڭلار مېھمانخانا ئوينىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىر دەستىخانغا جەم بولۇپ جاھاننىڭ ئۆتكەن كەچكەن پاراڭلىرىنى قىلىشىپ مۇڭدىشىشنى باشلىۋەتتى.

ساھىبخان alexander نىڭ تەكلىپى بويىچە بىز كەچ سائەت 9 لاردا ۋېنگرىيە خەلق ئۇسۇلىنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر قىسىم ياشلار بىر ئاممىۋى تياتېرخانىغا باردۇق. ئۇ يەردە ھون ياشلىرى بىلەن بىرگە ھون خەلق ئۇسۇلىنى قولنى ـ قولغا تۇتۇشۇپ، پىرقىرىشىپ ئۇسۇل ئوينىدۇق...



## خۇلاسە

شۇنداق، بۇ قېتىمقى ئۇيغۇر ـ هون قەلەمكەشلىرىنىڭ ئۇچرىششى بولغان 2 قېتىملىق خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ قۇرۇلتىيى هەر ـ بىر يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىملەرنى قالدۇردى چۈنكى بۇ ئاددىي بىر ئۇچرىشىش بولماستىن بەلكى ئۇيغۇر ـ هوندىن ئىبارەت بۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغان قېرىنداشلارنىڭ 1500 يىلدىن كېيىنكى دىدار كورۇشىشلىرى ئىدى !




شۇڭا بۇ تەبىئىيكى تارىخقا سىياسىي ئۆچمەيدىغان بىر بەت بولۇپ يېزىلغۇسى !هون ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قېرىنداشلىق - دوستلۇق رىشتىسى يېڭى بىر دەۋردە يېڭى بىر سەۋىيىدە مەڭگۈ ئۈزۈلمەي راۋاج تاپقۇسى!

خەلقئارا قەلەمكەشلەر ۋېنگىرىيە مەركىزىنىڭ رەئىسى zoltán sumonyi دېگەندەك **"بىز ئەمدى تارىمغا قاراپ كارۋان تارتىمىز"**.

دېمەك بىز ھەممىمىزنىڭ شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى بۇنىڭدىن كېيىن دوناي ۋە تارىم دەريالىرى ئارىسىدىكى كارۋانلار مەڭگە ئۈزۈلمەي قاتنايدۇ!

هون - ئۇيغۇر قېرىنداش مىللەتلىرىنىڭ دوستلۇق رىشتىسى مەڭگۈ ئۈزۈلمەيدۇ!

ئەڭ ئاخىردا پۈتۈن يىغىن ئىشتىراكچىلىرى نامىدىن بۇ قېتىمقى هون - ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ تارىخىي ئۇچۇرۇشنى يەنى 2 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر قۇرۇلتىيىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن يېقىندىن ياردەمدە بولغان ۋېنگىرىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە، ۋېنگىرىيە دۆلەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە ۋە خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى ۋېنگىرىيە مەركىزىگە ۋە شۇنداقلا بۇ پائالىيەتنىڭ ساھىبخانى بولغان خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ

بارلىق پىداكارلىرىغا ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز!




مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلەر، مەن بۇ يازمامنى ئاخىرلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۆزەمنىڭ بۇداپېشتتىكى بىر قانچە كۈنلۈك سەپەر داۋامىدا ھېس قىلغانلىرىمنى تۆۋەندىكىدەك شېئىريي سۆزلەر ئارقىلىق سىزلەر بىلەن ئورتاقلىشىشنى ئارزۇ قىلدىم :

## گۈڭگا چۆشنىڭ بايانى

بوۋام قىسسىسى۔
چۆشۈمدەك ئايان...
گۈڭگا چۈشلەر ئىچىدە بايان:

“ھون - ئۇيغۇر
بىز ھەممىمىز ئون ئۇيغۇر
بىر قۇۋۇم بىز كېچەلمەيدىغان...
ۋاقىت بىزنى 15 ئەسىر۔
ئارىلىق بىز قىتئەلەر۔
توسۇپمۇ ئايرىيالمايدىغان”.

بۈگۈن،
ياڭرايدۇ ئۇيغۇر ئاۋازى،
دوناي دەرياسى بويىدا،
بۇداپېشتتا،
ھون-ئۇيغۇر دوستلۇق ساداسى،
ئۇيغۇرنىڭ ئەرك يولىدا!

بىز ئوغۇز نەسلى،
كۆك بورىنىڭ ئىزىدىن كەچكەن...
ئالتايدا يىلتىزىمىز،
تەكلىماكانغا كۆمۈلگەن.

بىز تەبىئىي تەبىئەت ئوغلى،
چېچىلغان رىزقىمىز پۈتكۈل تارىمغا.
يانغان ھاياتنىڭ مەشئەللىرى،
ئورخۇن ۋە يېنسەي بويلىرىدا.
تىلسىمات ئاتا سۆزى تاشقا پۈتۈلگەن.
كەلگەندە قىسمەت ئايرىلىش پەيتى،
سەپ تارتقان كارۋان تارىمدىن باشلاپ،
ھىجران،
ياش بولۇپ بايقالغىچە تۆكۈلگەن.

ھون بوۋامنىڭ قىسسەسى،
باتۇر تەڭرىقۇت سىيماسى،
باللىقىمنىڭ ئىزناسى...
ئۇ ئىدى ئۇزاق كەچمىش بىر زامان:

زەپەر قوشقان
غالىپ ئۇ يىللار،
ھون بوۋامنىڭ قىلىچ-قالقىنى،
جەڭگاھ تۈمەن باتۇر لەشكىرى.
ئەلنى ياۋدىن قۇتقۇزغان.
ياۋنى يەرگە ياتقۇزغان.
قورقۇش سېلىپ خىتايغا،
سەددىچىننى سوققۇزغان...

باللىقىمدىن كەچكەن چېغىم،
سۆت ئۇيقۇدىن مەن ئويغىنىپ،
كېتىپ قاپتۇ ھون بوۋام ئۇزاق سەپەرگە،

مېنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ.
ئاتىللا ئۇ باتۇر-
ئوغلىنى ئاتقا مىندۈرۈپ...

ئايرىلىشتىن-
تارىم زارلىدى،
يېنىسەي تولغاندى،
ئېرتىش ئىرغاندى...
تەڭرىتاغ ئاق باش ئانا كۆڭلى بۇزۇلۇپ...

ئون ئۇيغۇرنىڭ ھىجرانىغا-
توققۇز ئۇيغۇرنى يوللىدى...
سىڭىپ كەتتى ھەسرەتلىك يېشىم-
تەكلىماكاندا يەنە قۇم بولۇپ...

بوۋامسىز ئۆتمەي نەچچە كۈن...
تولۇن ئاي كۆكتە پارلىغان بىر تۈن
يوقاتتىم ئۆزۈمنى يەنە بىر رەت-
ئالتە ئاينىڭ ئالتۇن تېغىدا.
ئاشلىقنىڭ سەۋدا بېغىدا-
سۆيگۈنۈمگە بىر نىجات ئىزدەپ...

يولۇمدىن ھېچ يانمىدىم پەقەت-
يات ئەلنىڭ ياۋۇزلىرىدىن.
ئاتالدىم مەن“ ئوغۇز-”
“ئۆز ئېلىڭنى ياۋدىن قۇتقۇز”!
كەلگەندە ئېلىم بېشىغا كۈلپەت...

يەنە چۈشۈمدەك ئايان...
گۇڭگا چۈشلەر ئىچىدە بايان:

ئالتايدا تەڭرى ئانا-
ھون بوۋام ئورنىدا ئويناتقان-
ئەركىلىتىپ بالام دەپ-
كەڭ كۆكسىدە يايلاتقان.
كۆك بۆرىگە ئاشىق قىلىپ-
ئوغۇزخاننى ياراتقان...

ئەلنىڭ ئوغلى ئوغۇزخان-
ئون ئۇيغۇرغا-

توققۇز ئۇيغۇرغا-
ئورخۇندا ئۇ قاغان-
هون بوۋىسنى ئىزدەپ-
يېنىسەي بويىنى بويلاپ-
تەڭرىتېغىدا تايلاپ.
ئورالغىچە ئۇزىغان...
دونايغىچە توزۇغان...

ئۆتمۈش-
ئۆكۈنۈش؟
بۆگۈننىڭ يول خېتى...
بىر ئەلنىڭ بىر كۈنى-
تارىخنىڭ پۈتۈك بىر بېتى.
ئەمما-
1500 يىللىق هىجران...
هون-ئۇيغۇر ئايرىلىشى...
تەڭرىنىڭ بىزگە قىلغان-
هەسرەتلىك سوۋغىتى!

ئەييۇهەنناس!
تارىختىن پۈتۈلگەن بۇ ئەلنى بۆگۈن-
ئۇيغۇرنى-
دۇنيا ئاڭلىماس!
ئوز ئېلىڭدە ياۋغا يەكسان-
چاقى تارىخنىڭ چوگلىگەچ تەتۈر!

ئوغۇز بوۋام ئاچچىق بىلەن-
ئاتىللا هون باتۇر هەم دەيدۇ:
"قىسمىتىڭ گۇڭگا ئۇيغۇرۇم-
ئېسىڭدە يا يوقمۇ ئۆلۈم!
قۇتقۇز ئەمدى ئۆزۈڭنى-
قىلىپ ۋىجدانىڭغا خىتاب-
كۈرەشكە سەن دەستۇر"!!!



2011-يىلى فېۋرال مارت. بۇداپېشت - لوندون

# ئورخۇن بويلىرىغا سەپەر

**2011 - يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە موڭغۇلىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن” 3 - نۆۋەتلىك ئورال - ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكىنىڭ قۇرۇلتىيى” سەپىرىدە يېزىلغان ئەدەبىي خاتىرە**

## سۆز بېشى

بىز تۇغۇلغان ۋە ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا سانائەت دەۋرىنىڭ كىرىزىسلىرى ئىچىدە ھالسىراۋاتقان، ئىقتىسادىي بوھران ۋە باشقا سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر نەتىجىسىدە ئىنسانلارنىڭ ياشاش مۇھىتى كۈندىن كۈنگە بۇلغىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ بىرلا يەرشارىمىزغا بولغان چوڭقۇر مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان مۇھىت سۆيەر ئالىملىرىمىز “دۇنيا ئىقلىمىنىڭ ئىللىشى” نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇھىتنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى قارشى تۇرۇش ئىقتىدارلىرى بىلەن كۈرەشلەر ئاقتۇرۇۋاتقان، ھەر شەيئىلەر ئۆز ئارا رىقابەت بەيگىسىگە تولغان بۇ دۇنيانىڭ شەھەر مەدەنىيىتىنى بىر مەزگىل ئۇنتۇپ، ئۆزىڭىزنى ئىنساننىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدىغان، بۈگۈنكى زامانىۋى مەئىشەتلەردىن يىراق بولغان ساپ ھاۋالىق، پايانسىز ئۇپۇقنى سۆيگەن ياپ يېشىل يايلاقتا قەدەملىرىڭىزنى ئاتا بوۋىلىرىڭىز بىر زامانلاردا ئات چاپتۇرۇپ ماڭغان چىغىر يوللارغا تاشلاپ، قۇلاق تۈۋىڭىزدىن غۇر غۇر ئۆتۈپ تۇرىدىغان شاماللارغا سىرداش بولۇپ ماڭسىڭىز ياكى قارىغايلىق تاغ ئېتەكلىرىدىن كېلىۋاتقان كۆك بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازىنى ئىشىتكەچ، كۆك تەڭرىنى سۆيۈپ تۇرغان ئاق باش چوققىلارغا ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ياراتقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، غۇرۇر تۇيغۇسى بىلەن نەزىرىڭىزنى چەكسىز كەتكەن يايلاقلارغا تاشلىسىڭىز، كېچىلىرى يۇلتۇزلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكىدىغان بۇ زېمىندا تۇرۇپ، يۇلتۇز سانىغاچ بوۋىمىز ئوغۇزخان ئىلتىجا قىلغان كۆك ئاسماندىكى كۆك تەڭرىگە بېشىڭىزنى تىك كۆتۈرۈپ باقسىڭىز ۋە ياكى بۈگۈنكى موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ شىمالىدىكى رۇسىيە (رۇس يەر) نىڭ زېمىنىغا ئايلانغان سىبىرىيە ئورمانلىقلىرىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدىكى ئاتا بوۋىلىرىمىز بېلىق تۇتۇپ يېگەن بايقال كۆلىنىڭ (باي قال كۆل) نىڭ تىنچ ۋە تەمكىنلىكتە سىزگە مېھرى بىلەن باققان يۈزىگە سىنچىلاپ

قارىسىڭىز، سىز يەنە ئېتىڭىزنى چاپتۇرۇپ جەنۇبقا قاراپ يورغىلاپ، ئورخۇن دەرياسى بويلىرىغا كېلىپ ئوچۇملاپ يۈرىكىڭىز قانغىچە ئۆتۈكەن تاغلىرىدىن كەلگەن تاغ سۇلىرىنى ئىچسىڭىز، ئۆزىڭىزنى قەيەردە دەپ بىلىسىز ۋە قانداق ھېسلاردا بولىسىز؟

مانا بۇ مۇقەددەس تۇپراق ئەجدادلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخي بۆلىقى بولۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان ۋە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ 100 يىللاردىن ئارتۇق ھۆكۈم سۈرگەن بۆگۈنكى موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن ۋادىسىدۇر! بۇ تۇپراق شۇ ۋەجىدىن ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تارىخي قىممەتلىرى بىلەن موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ ئىلتىماسى قىلىشى نەتىجىسىدە 2004 - يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن مەدەنىيەت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئورخۇن دەريا ۋادىسى ئەتراپىدىكى 121، 967 گېكتار تۇپراق "ئورخۇن ۋادىسى مەدەنىيەت ئىزنالىرى"[13] نامىدا خەلقئارالىق قوغدىلىدىغان تارىخي جايلار تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. مانا بۇ تۇتىيا زېمىندا ئورال ئالتاي تىللىق قەلەمكەشلەرنىڭ 3 نۆۋەتلىك قۇرۇلتيى بولۇپ ئۆتتى.

## ئۆزىمىز ھەققىدە قىسقىچە بايان

بۇ نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي تىللىق قەلەمكەشلەرنىڭ قۇرۇلتيى 2011 - يىلى 2 - ئىيۇلدىن 8 - ئىيۇلغىچە ھەممە تۈركىي ۋە ئورال ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىل يېزىقىنىڭ تۇغۇلۇش بۆشۈكى بولغان جاي موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدا "ئەسلىمىزگە قايتىش، تارىخنى ياد ئېتىش ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش" تېيغۇلىرى بىلەن بىر ھەپتە داۋام قىلدى.

بىز بۇ پۇرسەتلەر بىلەن ئاتا بوۋىلىرىمىز قەبرىگاھلىرىنى، قالدۇرغان تاش ئەبىدىلەرنى، بۈگۈنگىچە ئىزناسى ساقلانغان شەھەر خارابىلىرىنى تاۋاپ قىلىشقا شەرەپ، غۇرۇر ۋە ئىپتىخارلىق بىلەن مۇيەسسەر بولدۇق. ئاۋۋال بۇ قېتىمقى "3 - نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتيى" ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى ۋە ساھىپخانلىقىدا ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتلار بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتيى" نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ ئۆتكەنكى يىللاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن.

بەلكىم سىز خەۋەردار بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئۇيغۇرنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ئۆلمەس كۈرەش جەڭچىسى مەرھۇم كۈرەش كۈسەن ئەپەندى ھاياتىنىڭ ئاخىرقى بىر قانچە يىللىرىدا سەپدىشى قەيسەر ئۆزھۇن ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە يىللاپ سىڭدۈرگەن مېھنەتلىرى بەدىلىگە 2006 - يىلى 18 - ئۆكتەبىر تەشكىل قىلىنغان ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى رەسمىي شەكىلدە خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ تەركىبىدە دۇنيادىكى 145 قەلەمكەشلەر مەركەزلىرى قاتارىدىن شەرەپ بىلەن ئورۇن ئالغاندىن

باشلاپ، بۇ مەركەز ئۇيغۇر يازارلىرىنىڭ ھەق ھوقۇقىنى قوغداش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى دۇنياغا تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىش ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ساھەلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا بىر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىپ ئاكتىپ پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى .

ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىگە رەسمىي ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مىللىي، ئىرقىي ۋە مەدەنىيەتلەردە ئورتاقداش بولغان قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن ئىش بىرلىكى ئېلىپ بېرىش يەنى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئورال ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىنى ئاساس قىلىش ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى ۋە دېموكراتىيىگە بولغان تەشنالىق ساداسىنى بۇ رايونلاردا تەقدىرداش مىللەتلەر بىلەن تەڭ ياڭرىتىش مەقسىتىدە ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى مەركىزىنىڭ تەشەببۇسكارلىقى بىلەن 2009 - يىلى ئىستانبۇلدا خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىگە ئەزا بولغان فىنلاندىيە، ئېستونىيە، تۈركىيە، ۋېنگرىيە، تاتارىستان، ئەزەربەيجان، ئوتتۇرا ئاسىيا قەلەمكەشلەر مەركىزى (بىشكەك قەلەمكەشلەر مەركىزى)، قازاق قەلەم مەركىزى، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى، موڭغۇلىيە، كورېيە، ياپونىيە قاتارلىق 12 قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىنىڭ بىر ئارىغا توپلىنىپ باش قوشۇشى ئاساسىدا "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى"



قۇرۇلغان ئىدى ۋە بۇ قۇرۇلتاي ئۆزىنىڭ 2 نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى 2010 - يىلى قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆلدە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچقان.

دېمەك بۇ قېتىم ئۇلانباتوردا ئېچىلغان يىغىن ئالدىنقى نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ داۋامى "3 - نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" دۇر. خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى بارلىق ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۆزلىرىنىڭ پىداكارلىقى ۋە توغرا رەھبەرلىكىدە، خىزمەتلىرىنى يىللاردىن بۇيان نەتىجىلىك ئاقتۇرۇپ كېلىشى بىلەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ تارمىقىدىكى لاياقەتلىك ۋە كۈچلۈك بىر قەلەمكەشلەر مەركىزىگە ئايلاندى ۋە تەبىئىيكى بۇ شەرەپلىك تۆھپە ئەلۋەتتە بىرىنچىدىن ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئۆز ئىمكانىيەتلىرىنىڭ بارىچە

قوللاپ كېلىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى ئەزالىرىغا، ئىككىنچىدىن ئىجرائىيە كومىتېتى رەھبەرلىرىگە ئاندىن كېيىن بولسا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى، هارماس  تالماس پىداكارى قەيسەر ئۆزھۆن ئەپەندىگە مەنسۇپتۇر!

خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ رايونلۇق بىرلىكى بولغان "ئۇرال  ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" نىڭ قۇرۇلۇشىدا ئالاھىدە رول ئالغان خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ تارمىقىدىكى ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ناھايىتى ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىپ، خەلقىمىزنىڭ نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇجادىلىسىگە ئۆز نېسۋىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوشۇپ كەلمەكتە. بۇ سۆزىمىزنىڭ پەقەت بىرلا دەلىلى سۈپىتىدە بۇ يىل 20 ـ فېۋرالدىن 24 ـ فېۋرالغىچە ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشت شەھرىدە بۈگۈنكى موڭغۇل يايلاقلىرىدا بىزدىن ئايرىلغان تارىخىي قېرىنداشىمىز ۋېنگرىيە ھونلىرىنىڭ ساھىپخانلىقىدا داغدۇغىلىق بولۇپ ئۆتكەن "2 ـ نۆۋەتلىك ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزى" نىڭ يىغىنىدۇر. (بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەزكۇر يىغىن توغرىسىدا يېزىلغان "ئۈزۈلمەس تارىخىي رىشتە"[14] ناملىق ئەدەبىي خاتىرە ۋە مەخسۇس سىن فىلىمىنى  كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغان ئىدىم).



# بۇ قۇرۇلتاي ئۇلانباتوردا باشلاندى

مانا بىز بۈگۈن بۇ زېمىندا، 21 ئەسىردە تارىختىكى چىڭگىزخاننىڭ دۆلىتىدە، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، تارىخ بەتلىرىنى بىرقانچە ئەسىرلەر ئىلگىرى سۈرسەك، ئەجدادلىرىمىز تارىختا قۇرغان سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە ئورخۇن بويلىرىدىكى تۈرك قەبىلىلىرى ياشىغان تۇپراقلارنى تاۋاپ قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلىش نىشان قىلىنغان بۇ يىغىن 2011 - يىلى 2 - ئىيۇل خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى ۋە موڭغۇلىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت ئاكادېمىيىسىنىڭ ساھىپخانلىقىدا موڭغۇلىيىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتوردا رەسمي باشلىنىپ 7 - ئىيۇل بايانگول مېھمانخانىسىنىڭ يىغىن زالىدا تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ئاياغلاشتى.

بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيغا ياۋروئاسىيانىڭ ئەڭ شەرقىدىكى ئارال دۆلەت ياپونىيىدىن تارتىپ ئەڭ غەربىيدىكى ئارال دۆلەت ئەنگلىيەگىچە، ئېستونىيە، ۋېنگىرىيە، تۈركىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، كورىيەلەردىن، ياۋروئاسىيانىڭ سىرتىدىن ئامېرىكا ۋە ئاۋستراليىلەردىن كەلگەن يازارلار، شائىرلار، ژۇرنالىستلار، تارىخچىلار، ئارخېئولوگلار، سەنئەتكارلار ۋە قەلەمكەشلەر دوستلىرى ھەم موڭغۇلىيىلىك يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بولۇپ جەمئىي 50 كە يېقىن ئادەم قاتناشتى. يىغىن ئۇيغۇر، ئېنگلىز ۋە موڭغۇل تىللىرىدا ئېلىپ بېرىلدى.



يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 2011 - يىلى 2 - ئىيۇن ئۇلانباتور ۋاقتى سائەت 5 دە موڭغۇل دۆلەتلىك سودا سانائەت سارىيىنىڭ يىغىن زالىدا ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى قەيسەر ئۆزھۇن ئەپەندى يىغىننىڭ ئېچىلىش نۇتۇقنى سۆزلىشى بىلەن قىزغىن كەيپىياتلار ئىچىدە باشلاندى.

قەيسەر ئۆزھۇن ئەپەندى سۆز قىلىپ، يىراق يوللارنى بېسىپ ئورال ئالتاي تىللىق مىللەتلەر ئۇچۇن ناھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان موڭغۇلىيىگە كېلىپ يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يىغىن ئەھلىنى تەبرىكلىدى. ئۇ ئاۋۋال "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" نىڭ يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋا قىلىپ "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ، بۇ ئېچىلىۋاتقان يىغىن "3 - نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" 2010 - يىلى قىرغىزىستاننىڭ ئىسسىق كۆلدە ئېچىلغان "2 - نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" نىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئاساسلىق خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىش ئېلىپ بارىدىغان 5 خىزمەت دائىرىسىنىڭ بىرى بولغان "تىل ۋە تەرجىمە ھوقۇقى" كاتېگورىيىسى ئىچىدە ئورال ئالتاي تىللىق رايونلاردا ساقلىنىۋاتقان تىل ۋە تەرجىمە مەسىلىلىرىنىڭ مۇھاكىمە قىلىنىدىغانلىقى چۈنكى ئورال ئالتاي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىللىرى موڭغۇلىيىنىڭ يايلاقلىرىدا ئۆز تەرەققىياتىنى باشلاپ ياۋروئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ جۇغراپىيىلىك رايونلارغا تارقالغانلىقى ۋە بۇ رايوندىكى خەلقلەرنىڭ تىل سىستېمىسى قىسقىلاشتۇرۇپ، ياشىغان رايون ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن "ئورال ئالتاي تىللىق مىللەتلەر" دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئەمما رايوندىكى مىللەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ 100 نەچچە يىل داۋام قىلغان رۇسىيە ۋە سوۋېت مۇستەملىكىسىنىڭ ئىشغالىيىتى سەۋەبىدىن ئاساسەن دېگەندەك ئۆز تىل يېزىقىدا يېزىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ يوقىلىش گىردابىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ رايوندىكى خەلقلەر ئۆز مۇستەقىل دۆلىتىگە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ شۇ تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تىل ۋە تەرجىمە ئىشلىرىدا ناھايىتى زور مەسىلىلەرگە دۇچار بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق بىر تۈرلۈك ئەھۋاللارنى چۈشەندۈردى.

قەيسەر ئۆزھۇن ئەپەندى سۆزىنى داۋام قىلىپ بۇ ئېچىلىۋاتقان "3 - نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي - قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" داۋامىدا رايوندىكى قەلەمكەشلەر مەركەزلىرى ئارىسىدا قانداققىلغانداتېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىش بىرلىكى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىمكانىيەتلىرىنى ياراتقىلى بولىدىغانلىقى تېما قىلىنىپ ئاساسلىق مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقى ۋە شۇنىڭدەك رايوندا تىل ۋە تەرجىمە خىزمەتلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە بۇ ئارقىلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىنگلىز تىلى قاتارلىق باشقا دۇنيا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش ئارىلىق ئورال ئالتاي رايونىنىڭ ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، تىل مەسىلىلىرىنى يورۇپ بېرىش نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى، ئەگەردە بۇ خىزمەتلەر نەتىجىلىك ئىشلەنسە رايوندا كوممۇنىست دەۋرلىرىدىن قالدۇق مىراس بولۇپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەركىن يىغىلىش ۋە پىكرى ئەركىنلىكىنىڭ چەكلىنىشى، ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىلىرى قاتارلىق نېگىزلىك مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىدىمۇ بۇ ئېلىپ بېرىۋاتقان خىزمەتلەرنىڭ ئىجابىي رول ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىردا بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئالاھىدە ۋاقتىنى ئاجرىتىپ، يىراق يوللارنى بېسىپ كەلگەن ۋە بۇ يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ھورى تاكەاكى ئەپەندىگە، يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىغا ئالاھىدە كۈچ چىقارغان موڭغۇلىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت ئاكادېمىيىسى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلى تونۇلغان شائىر، ئۇيغۇر قەلەم كەشلەر مەركىزىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن قوبۇل قىلىنغان 2010 يىللىق "نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى" نىڭ نامزاتى، ئۇيغۇر قەدىمكى يېزىقى خەتتاتى دوكتور گ. مەند ئوويو ئەپەندىگە مىننەدارلىغىنى بىلدۈردى.



نۆۋەت بىلەن سوز نۆۋىتىنى ئالغان موڭغۇل شائىرى گ مەند ئوويو ئەپەندى[15] ئۆزىنىڭ يىغىنغا ئاتىغان تەبرىكنى بايان قىلىپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ موڭغۇلىيىدە ئېچىلىشىنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ پەقەت بىر قېتىملىق ئىلمي مۇھاكىمە يىغىنىلا بولۇپ قالماستىن بەلكى موڭغۇلىيىدە ساقلانغان تارىخي ئىزلار ئارقىلىق ئۇيغۇر قاتارلىق بارلىق ئورال ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىدىكى خەلقلەرنىڭ ئۆتكەن تارىخىنى ئۆگىنىش، ئۆز ئارا چۈشەنچىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە بۇ تارىخنى كەلگۈسى ئۈچۈن قانداق ساقلاپ قېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدىغان بىر ئەھمىيىتى زور يىغىن بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، موڭغۇلىيىنىڭ يېڭىدىن ياش دېموكراتىك دۆلەت سۈپىتىدە تەرەققي قىلىۋاتقانلىقىنى ئەمما بازار ئىگىلىكى دەۋرىدە موڭغۇلىيىدە كان بايلىقلىرىنىڭ ئېچىشى سەۋەبىدىن تارىخي ئىزلارنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، موڭغۇلىيىنىڭ موڭغۇل يايلاق مەدەنىيىتىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ساقلاپ قېلىش خەۋپىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتسە، ئۇ يەنە ئانا تىل توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

*"بۇ ئەسىرنىڭ كىرىشىنىڭ ئالدى كەينىدە دۇنيادا نۇرغۇنلىغان تىللار يوقىلىپ كەتتى. بىر مىللەتنىڭ تىلى قانچە ئاجىزلاشسا شۇ مىللەت خەلقىمۇ شۇنچە ئاجىزلىشىدۇ. شۇڭا ھەر بىر يازغۇچى ئۆز ئانا تىلىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك!"* مەند ئوويو ئەپەندى سۆزىنىڭ ئاخىردا خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ھورى تاكەاكى ئەپەندىگە، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ قەيسەر ئۆزھۇن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى دالمىرە تىلەپبەرگەنوۋالارغا بۇ يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن مىننەدارلىغىنى بىلدۈرۈپ سۆزىنى تاماملايدۇ.

ئارقىدىن سۆزگە تەكلىپ قىلىنغان، بۇ قۇرۇلتايغا ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشقان خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ۋە سابىق ياپونىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھورى تاكەاكى ئەپەندى قۇرۇلتايىنى تەبرىكلەيدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ يىغىننىڭ نەتىجىلىك ئېچىلىشىغا، كۆزلىگەن مەقسەتلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا قارتا ياخشى تىلەكلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:




*"مۆھتەرەم موگۇغۇلىيىلىك ئىلىم ئەھلىلىرى، يازغۇچىلار، شائىرلار، ئاۋۋال سىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىننى ئورۇنلاشتۇرغانلىغىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە مىننەتدارلىقىمنى بىلدۇرمەن. بەلكىم خەۋىرىڭلار بولۇشى مۇمكىن، بۇ يىل خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى قورۇلغانلىقىغا 91 يىل بولىدۇ.*

*بۇ جەمئىيەت ئۆزىنىڭ باش قەلىبنامىسى بولغان سۆزلەش ۋە يېزىش ئەركىنلىكىنى پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش پرىنسىپى بىلەن 1 قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ۋە 2 قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشلىرىدىمۇ ئۆزىنى ساقلاپ قالالىدى ۋە ئۈلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلدى. ئەلۋەتتە بىز خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىدىن پەخىرلىنىمىز.*

*بىز ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئۇزۇن يوللۇق مۇساپىمىزدە خۇددى بىر ئادەمنىڭ ھايات مەنزىلىگە ئوخشاش بۇ سەپىرىمىزدە تۆھپىلەرنى ياراتتۇق ۋە خاتالىقلارنىمۇ ئۆتكۈزدۇق ئەمما بىز تەجربە ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن ئاساستا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدۇق ۋە ئىلگىرىلەۋاتىمىز. مەن بۇ يەردە يەنە ياپونىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ئازراق سۆز قىستۇرۇپ ئۆتەي  ھازىر ياپونىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى 2000 ئەزاسى بار بىر قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى بولۇشتەك بىر ئۆتكەلدىن ئۆتتى ئەمما سىلەرگە شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى بۇ ئەزالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېشى 70 ئاشقان ياشانغان يازغۇچى ۋە باشقا ئىلىم ئادەملىرىدۇر. ئۆتكەنكى 10 يىلنىڭ مابەينىدە خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىدا زور ئۆزگىرىشلەر ئېلىپ بېرىلدى قەيسەرگە ئوخشاش ياش، تالانتلىق ئاكتىپلىرىمىز سەپىمىزگە قوشۇلۇپ بىزنىڭ كۈچىمىزگە كۈچ قوشتى ۋە بىزنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىمىزدىكىلەرنىڭ يېشى ياشارتتى. بىز بۈگۈن موگۇغۇلىيىنىڭ يايلاقلىرىغا 5 كۈنلۈك ساياھەتكە بېرىشنىڭ تەييارلىقىدا تۇرۇۋېتىمىز، مەن ئىشىنىمەنكى بىزنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز بىز بىر بىرىمىزنى ئۆز ئارا چۈشىنىدىغان، كېيىنكى خىزمەتلىرىمىز ئۈچۈن ياخشى بىر ھۇل سالىدىغان، ئەھمىيەتلىك بولغان ئۇچرىشىشلاردىن بىرى بولۇپ*

*قالغۇسى. مەن بۇ يەردە سىلەرنىڭ سىپىڭلاردا بولغىنىمدىن ئۆزۈمنى ناھايىتى خۇشال ھېس قىلىۋاتىمەن. سىلەرگە رەھمەت! " .*

خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ھورى تاكاكى ئەپەندى ئالقىش سادالار ئىچىدە سۆزىنى ئاياغلاشتۇرۇپ سەھنىدىن ئايرىلىشقا تەمشىلىۋاتقان بىر پەيتتە سەھنىگە چىقىپ كەلگەن ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ دوستى ۋە تونۇلغان ۋەتەنپەرۋەر كارخانىچى ۋاققاس مۇھەممەد ئەپەندى ۋە شەمشىقەمەر ئابدۇراخمانوۋىچلار ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز مېھمانلارغا ئېلىپ كەلگەن سوۋغىتى ئۇيغۇرنىڭ تونى ۋە دوپپىلىرىنى ھورى تاكاكى ئەپەندى بىلەن مەند ئوويو ئەپەندىلەرگە كىيگۈزۈپ، ئۆزلىرىنىڭ قازاقىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرىنىڭ نامىدىن ئۇلارغا مىننەتدارلىقنى بىلدۈردى.

يىغىن ئۆزۈنغا سوزۇلغان ئالقىش چاۋاكلار بىلەن 15 مىنۇت ئارام ئېلىشنى توگىتىپ يەنە داۋام قىلدى.

يىغىنىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تۇنجى بولۇپ سۆزگە چىققان موڭغۇلىيە دۆلەتلىك تىل تەتقىقات ۋە باشقۇرۇش كومىتېتىنىڭ تەتقىقاتچىسى ماخىتەر خەبۇ ئەپەندى ئورال ئالتاي تىللىرىنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەت ۋە تەرەققىياتى شەرھلەنگەن جۇملىدىن موڭغۇل تىلىنىڭ تارىخي ۋە بۇگۇنكى ئەھۋاللىرىنى موڭغۇل مەدەنىيەت ۋە تارىخىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ تەھلىل ئېلىپ بېرىلغان ئىلمي ماقالىسىنى يىغىن ئەھلىگە تەقدىم قىلدى. ماكىتەر كەھبۇ ئەپەندى ماقالىسىدە موڭغۇل تىلىنىڭ تارىخىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 ئەسىرلەرگىچە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن كېيىن ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلغان موڭغۇل تىل يېزىقى چىڭگىزخان دەۋرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ 13 ئەسىرگە كەلگەندە خۇددى بۇگۇنكى ئىنگلىز تىلىغا ئوخشاش دەرىجىدە قوللىنىلغانلىقىنى، ھازىر بولسا پۈتۈن دۇنيا بويىچە 10 مىليونغا يېقىن نوپۇس موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈ.



ئۇ يەنە موڭغۇل تىلىنىڭ باشقا ئورال ئالتاي تىللىرى بىلەن بولغان تارىخىي ۋە ئېتنىك مۇناسىۋەتلىرى توغرىسىدا توختىلىپ، موڭغۇل تىلىدىكى سۆزلۈكلەرنىڭ كوپ قىسمىنىڭ تۈركى تىللىرى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ سان سىكرت يېزىقىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، بۇددا دىنىغا ئائىت سۆزلۈكلەرنىڭ بولسا ئۇيغۇر تىلىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، موڭغۇل تىلىدا يەنە ھۇن دەۋرىدە ھونلاردىن قوبۇل قىلىنغان خېلى

كۆپ سۆزلەرنىڭ بۇگۇنگىچە ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بايا قىلىپ، بۇنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە بۈگۈنكى ۋېنگرىيىنى موڭغۇل تىلىدا ماجار (ماجارىستان) دەيدىغانلىقىنى، بۇ سۆزنىڭ موڭغۇل تىلىدىكى مەنىسى بولسا "ئوقيانى ئارقىغا قارىتىپ ئاتىدىغان خەلق" دېگەننى بىلدۈردىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

بۇ يىغىننىڭ تۇنجى كۈنى ئېچىلىش مۇراسىمى 2 يېرىم سائەت داۋام قىلغاندىن كېيىن قىزغىن كەيپىياتلار ئىچىدە ئاياغلاشتى. كېيىن بارلىق يىغىن ئىشتىراكچىلىرى شەرىپىگە شەھەر مەركىزىدىكى بىر موڭغۇل رېستورانىدا زىياپەت بېرىلدى .

## موڭغۇلىيە شائىر ۋە خەتتاتلار سەنئەت مۇزېيىغا زىيارەت

بىز بارلىق يىغىن ئىشتىراكچىلىرى 3 ـ ئىيۇل سەھەردە ئۇلانباتورنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ھەشەمەتلىك يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدىن يۆك تاقلىرىمىزنى ھازىرلاپ ئورخۇن دەرياسى بويىغا "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" نىڭ داۋامىنى ئېچىش ۋە ئاتا بوۋىلىرىمىز ياشىغان بۇ قەلبىگاھ زېمىنلارغا تاۋاپ قىلىش مەقسەتلىرىنى يۈرىكىمىزگە پۈكۈپ زىيارەتكە يول ئالدۇق. سەپەر يولىمىزدا شائىر، خەتتات دوكتور گ مەند ئوويو ئەپەندى موڭغۇلىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت ئاكادېمىيىسىگە ۋاكالىتەن بارلىق يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر قەدىمكى يېزىقىدا يېزىلغان ھۆسنى خەتلەرنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەپەر يولىمىز ئۈستىدە موڭغۇلىيە خەتتاتلار سەنئەت مۇزېيىدە بىر سائەتكە يېقىن زىيارەتتە بولدۇق.



بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىغا تەڭ شېرىك بولغان موڭغۇلىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت ئاكادېمىيىسى ۋە بۇ ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسئۇلى دوكتور گ مەند ئوويو ئەپەندى،

پائالیيەت يېتەكچىسى مۇنكھناران خانىم ۋە نۇرمەمەت ياسىن ئۆركىشىنىڭ ”ياۋا كەپتەر“ ناملىق ھېكايىسىنى موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلغان تەرجىمان سويولبولد ئەپەندى قاتارلىق موڭغۇلىيىلىك دوستلار يىغىن باشلانغاندىن بۇيان ھەمىشە دېگەندەك بىز بىلەن بىرگە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھېقىقى ساھىبخانىلىق ۋە ئۇيغۇر موڭغۇل دوستلۇقىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر بىر سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى بىلەن بىزگە بىلدۈرمەكتە ئىدى.



مانا بىز ھازىر مۇزېيخانىنىڭ 2 قەۋەتىگە قويۇلغان گ مەند ئوويو ئەپەندى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن 100 پارچىدىن ئارتۇق ئۇيغۇر قەدىمكى يېزىقىدىكى ھۆسنى خەتلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. گ مەند ئوويو ئەپەندى ئىنگلىز تىلى تەرجىمان سويولبولد ئەپەندى ئارقىلىق بىزگە ئۆز ئىجادىيەتلىرى ۋە ئۇيغۇر قەدىمكى يېزىقىنىڭ موڭغۇلىيىدە قوللىنىشى توغرىسىدا مەلۇمات بەرمەكتە.

گ مەند ئوويو ئەپەندى مۇنداق بايان قىلىدۇ: “مەن بۈگۈن بۇ يەردە تارىختا ئۇيغۇرلارنىڭ بىز موڭغۇللارغا قالدۇرغان ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان[16] بۇ ئەمگەك مېۋىلىرىمنى بۈگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ كۆرگەنلىكىدىن ئۆزۈمنى شەرەپلىك ھېس قىلدىم. بۇ ئۇچرىشىش بولسا مەدەنىيەتلەرنىڭ قايتا ئۇچرىششى يەنى ئۆتكەن تارىخنىڭ بۈگۈندە ئىپادىلىنىشىدۇر.

مەن بۇ قىزغىن كەيپىياتلار ئىچىدە ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى بىلەن سىلەرگە شۇنى بىلدۈرمەكچىمەنكى موڭغۇلىيە دۆلەت رەئىسى تىس. ئەلبەگدورج يېقىندا قانۇن ماقۇللاپ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ بارلىق ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدە قوللىنىلىدىغانلىقىنى، موڭغۇل پارلامېنتى ۋە دۆلەت باش

ۋەزىرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشى شەرت قىلىنىلىدىغانلىقىنى، موڭغۇلىيىنىڭ بارلىق چەتئەل دىپلوماتىيە ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىرىدىمۇ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ قوللىنىشى تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇ موڭغۇل زىيالىيلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن تولۇق مۇستەقىل ئىگىلىك ھوقۇق يۈرگۈزۈلۈۋاتقان موڭغۇل دۆلىتىدە 1994 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئېلىپ بارغان تىرىشچانلىقلىرى بەدىلىگە بۈگۈن ئەمەلگە ئاشتى.[17]

بىز بۈگۈنكى بۇ كۈننى كوپ كۈتكەن ئىدۇق، مانا بىز ئاخىر بۇ كۈنگە ئېرىشتۇق. بىز موڭغۇللار ئۇيغۇرلار ياراتقان بۇ مەدەنىيەتنى ئەمدى ئىشەنچ بىلەن كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا مىراس قىلىپ قالدۇرالايمىز. گ مەند ئوويو ئەپەندى سۆزىنى تۆۋەندىكى بايانلار بىلەن ئاياغلاشتۇردى: "دەرۋەقە تارىختىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇللارنىڭ قوبۇل قىلىشى ۋە بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر راۋاجلاندۇرۇپ تاكى دۆلەت قوللىنىدىغان يېزىق سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇشىغا قەدەر بۇ ئۇزاق جەريانلار ناھايىتى ئەگىر توقايلىق بولدى. موڭغۇللار تارىختىكى ئۇيغۇر يېزىقىنى مىلادى 1204 ـ يىلى چىڭگىزخانىنىڭ نايمانلار[18] (سەككىز ئوغۇز تۈرۈك قەبىلىلىرى) غا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئالغان تاتار توڭگا تەرىپىدىن موڭغۇللارغا تونۇشتۇرۇلغانلىقى تارىخي مەنبەلەردە بايان قىلىنىدۇ.

بىز موڭغۇللارنىڭ چىڭگىزخان دەۋرىدە قوللانغان ئۇيغۇر يېزىقىنى بۈگۈنگىچە ساقلاپ قالالىشىمىز ئاسانلىقچە قولغا كەلمىدى. 1931 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېۋاستە ئارىلىششى ۋە بېسىم قىلىشى بىلەن 1204 ـ يىلىدىن بۇيان قوللىنىپ كەلگەن ئۇيغۇر يېزىقىدىن لاتىن يېزىقىغا كۆچتۇق. بۇ لاتىن يېزىقىغىمۇ رازى بولمىغان سوۋېتلار ئىتتىپاقى بىزگە 1937 ـ يىلى رۇس ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كىرىللىك (چيرىللىچ) يېزىقىنى تاڭدى. 1941 ـ يىلىغا كەلگەندە موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنى قانۇن چىقىرىپ ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇرلىدى...

مانا سىلەر كۆرۈۋاتقان بۇ ھۆسنى خەتلىرىمنى مەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يازدىم. بۇ نېمە دېگەن چىرايلىق يېزىق ھە! ھازىر كوپ ساندىكى موڭغۇل ياشلىرىدا كىرىللىك يېزىقىنى تاشلاپ ئۇيغۇر موڭغۇل يېزىقىنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆچەيدى ۋە مۇنداق بۇلىشنى ئەلۋەتتە دۆلەتنىڭ ئۇيغۇر يېزىقىنى رەسمي قوللىنىش سىياستى بەلگىلىگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ".

بۇ نۆۋەتلىك "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر بىرلىكىنىڭ مەسئۇل ساھىپخانلىغىدا ئۆتكۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ ياكى قۇرۇلتايغا كەلگەن مېھمانلارنىڭ تەڭ يېرىمىنى ئۇيغۇر ۋەكىللەر تەشكىل قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ، بولۇۋاتقان پائالىيەتلەرنىڭ تېما مەركىزى ھەر ۋاقىت چۆرگىلەپ يەنىلا ئۇيغۇر تارىخىغا، مەدەنىيىتىگە ياكى ئۇيغۇرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە بېشىغا كېلىۋاتقان بەختسىز سىياسي كۈلپەتلىرىگە بېرىپ تاقىلاتتىدە، سۆھبەت قايتىدىن ئۇيغۇر ئۈستىدە ئەۋج ئېلىپ كېتەتتى.

يۇقىرىقى سۆزىمىزنىڭ مىسالى سۈپىتىدە بىز گ مەند  ئوويو ئەپەندىنىڭ تارىختا ئەجدادلىرىمىز ئورخۇن دەرياسى بويلىرىدا مىلادى 742 ـ يىلىدىن 848 ـ يىلىغىچە قۇرغان "ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى" دەۋرىدە قوللانغان ئۇيغۇر يېزىقى ھەققىدە بىزگە بەرگەن مەلۇماتلىرىنى ناھايىتى ئىشتىياق بىلەن ئاڭلىدۇق ۋە قىزغىن چاۋاكلار بىلەن گ مەند ئوويو ئەپەندىگە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ شۇ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە سۇغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىجات قىلىنغان ۋە دۆلەت يېزىقى بولۇپ كەڭ قوللۇنۇلغان ئۇيغۇر قەدىمكى يېزىقى بەرپا بولغان تۇتىيا زېمىن  ئورخۇن دەرياسى بويلىرىغا قاراپ سەپەرىمىزنى باشلىۋەتتۇق.

## 2011 ـ يىلى 3 ـ ئىيۇل

## "ئىككى بوز ئات" ئارامگاھىدا




بىزنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوبۇس ئۇلانباتور شەھىرىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى شەھەر سىرتىدا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم توختىدى. بىز بۇ بىر قانچە كۈنلۈك سەپىرىمىزگە زۆرۈر دەپ قارىغان نەرسە  كېرەكلەرنى سېتىۋېلىشنى ئۇلانباتور شەھىرى سىرتىدىكى بىر چوڭ سودا سارىيىدا تاماملىغاندىن كېيىن يەرلىك ۋاقىت سائەت 11 دە يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتكىنىمدەك بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئاساسلىق پائالىيەتلىرى موڭغۇلىيىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان ئورخۇن دەريا بويلىرىنى نىشانلاپ ئايلىنىپ، تۈرك ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئىزلىرىنى كۆرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇلتاينىڭ كۈندىلىك يىغىن تەرتىپىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەم 3 ئىيۇلدىن 7 ئىيۇلغىچە ئاتا بوۋىلىرىمىز ياشىغان مۇھىتتا "يايلاق مەدەنىيىتى" نىڭ ئادەتلىرى بويىچە كارۋان تارتىپ ھەر كۈنى 100 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈش پىلانلانغان بولۇپ، سەپىرىمىزنىڭ تۇنجى كۈنى ئۇچۇن ئۇلانباتوردىن جەنۇبىي يۆلىنىشكە قاراپ ئىلگىرىلەپ قاراقۇرۇم شەھىرىنى نىشانلاپ، بايانگوبى يەنى گوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىي بويلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ 280 كىلومېتىر يول يۈرۈش، سەپەرنىڭ تۇنجى كېچىسىنى بولسا ھويور زاگال (ئىككى بوز ئات) ئارامگاھىدا موڭغۇل كىگىز ئۆيلىرىدە تۈنەش ئالدىندىن بېكىتىلگەن ئىكەن.

مەن بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىڭ ئىجراچىسى بولغان موڭغۇلىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت ئاكادېمىيىسىنىڭ خادىمى، موڭغۇل ئەدەبىي ئوبزورچىسى مۇنكھناران ئوويو خانىمدىن بۇ "ھويور زاگال" دېگەن سۆز موڭغۇل تىلىدا قانداق مەنىنى بىلدۈردىغانلىقىنى سورىغىنىمدا ئۇ ماڭا بۇ ھەقتە ئاڭلىغانلىرىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:

*"تارىختا بۇ ئارامگاھلىق ياسالغان جاي سۇيى مول، چۆپلىرى بۇلۇق بىر يايلاق بولۇپ، بىر كۈنى چىڭگىزخان[19] ئۆزىگە ئات تاللاش ئۇچۇن بۇ يايلاققا كېلىپ ئىككى بوز ئاتنى ئۆزىنىڭ ئېتى قىلىپ تاللىغان ئىكەن، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ بوز ئاتلار چىڭگىزخاننىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇرۇش ئاتلىرى بولۇپ قاپتۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن بۇ يەرنىڭ ئىسمى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھويور زاگال (ئىككى بوز ئات) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن".*

بۇ ساياھەت سەپىرىنىڭ بارلىق قاتناش ۋاستىلىرى، ياتاق ۋە يېمەك ئىچمەك قاتارلىق سەپەرگە زۆرۈر بولغان ئېھتىياجلارنىڭ ھەممىسىنى موڭغۇلىيە جۇۇلچىن دۇنيا ساياھەت بولۇپ، ئالدىندىن كېلىشىلگەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇشلار بويىچە شىركىتى ئۆز ئۈستىگە ئالغان جۇۇلچىن ساياھەت شىركىتىنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ سەپىرىمىزگە راۋان بولدۇق.

بىزنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوبۇسنىڭ ئىككى يېنىغا كۆركەملىك قىلىپ جۇۇلچىن ساياھەت شىركىتىنىڭ بەلگىسى بولغان "تۇلپار" يەنى قاناتلىق ئاتنىڭ سۈرىتى سىزىلغان بولۇپ، بۇ ئاپتوبۇس دەل دەرەخسىز بىپايان كەتكەن ياپ يېشىل موڭغۇل يايلاقلىرى ئۈستىدە خۇددى شۇ سۈرەتتىكى چۈشۈرۈلگەن تۇلپاردەك ئالغا قاراپ چاپماقتا... بىز يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بولساق بۇ تومۇر تۇلپارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەپەرنىڭ زېرىكىشلىك بولماسلىقى ئۇچۇن يەنى "كوپ بىلەن ماڭساڭ ئاۋۇيدۇ يولۇڭ" دېگەندەك بىز بىردەم تارىخچىلىرىمىزنى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئورخۇن يېنسەي بويلىرىدا قالدۇرۇلغان تارىخىي ئىزلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىشكە دەۋەت قىلساق، كېيىنكى نۆۋەتلەردە يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرىنى ئېستونىيىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتىشقا، يەنە بىرىنى ئۇيغۇرنىڭ

خەلق ناخشىسى "ئاتۇش پەدىسى" نى ئېيتىپ بېرىشكە، ۋە يەنە بىرىنى قىرغىزلارنىڭ
باتۇرلۇق داستانى "ماناس" تىن پارچىلار ئېيتىشكە، يەنە بىرلىرىنى بولسا موڭغۇللارنىڭ
كانايدىن چىقىرىپ بوغۇق ئېيتىدىغان ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە دەۋەتلەر قىلىپ،
ئورال  ئالتاي تىللىرى ئائىلىسىدىكى مىللەتلەرنىڭ ناخشا  غەزەللىرىنى، خاس
مەدەنىيەتلىرىنى ۋە بىزگە تونۇشلۇق ياكى تونۇشسىز بولغان تارىخىي قىسسەلىرىنى
ئاڭلىغاچ يولنىڭ زېرىكىشلىك مىنۇتلىرىنى كاللىمىزدىن يىراقلارغا غەرق قىلىپ، كۆلكە
چاقچاق ۋە ئۆز  ئارا قىزىقارلىق سۆھبەتلەر ئىچىدە ئۆزىمىزنى بۇگۈن يېتىپ بارماقچى
بولغان نىشانىمىزغا خۇددى بىرەر سائەتلەرنىڭ ئىچىدىلا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدۇق.



بىز ئاپتوبۇستا 5 سائەتكە يېقىن سەپەر قىلغاندىن كېيىن ئىككى بوز ئات (ھويور زاگال)
ئارامگاھىغا يېتىپ كەلدۇق. ئاپتوبۇس ئارامگاھنىڭ قورشاۋى سىرتىدىكى دەرۋازىسى
ئالدىدا توختىدى. بۇ ئارامگاھ ئىككى تاغلىق ئېگىزلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ،
شىمالىي تەرىپىدە بىر چوقچىيىپ تۇرغان قۇملۇق تاغ يېقىندىنلا كۆرۈنسە، جەنۇب
تەرەپتە قارا بۇلۇتلار ئۇستىدە ئۇۋا ياسىغاندەك كۆرۈنىدىغان ساناقسىز كەتكەن تاقىرباش
تاغ تىزمىلىرى سىزگە خۇددى غۇلجىدىكى تۇرپان يۈزى يېزىسىنىڭ بوزلىقلىرى ئۇستىدە
تۇرۇپ ئاۋرال تاغلىرىنىڭ ئاق باش چوققىلىرىغا نەزىرىڭىزنى تاشلىغاندەك بىر كۆرۈنۈشنى
ئېسىڭىزگە سالاتتى.

بۇ ئارامگاھتا 100 گە يېقىن ئاق كىگىز ئۆيلەر خۇددى شاخمەت تاختىسى ئۇستىگە
تىزىلغان پىشكىلاردەك ناھايىتى رەتلىك جايلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دەرۋازا ئۇستىگە
ئېنگلىزچە يېزىلغان "ھويور زاگال چامپ ۋەلچومەس يوۋ!" دېگەن خەتتىنلا بۇ يەرنىڭ

مەحسۇس چەتئەللىك ساياھەتچىلەر ئۈچۈن ياسالغان بىر ئارامگاھ ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىڭىز ئانچە تەسكە توختىمايتى. "ئىككى بوز ئات" ئارامگاھى بايانگوبى چۆللۈكىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىگە جايلاشقان بولۇپ ئۇلانباتوردىن 290 كىلومېتىر يىراقلىقتا. بىزنىڭ بۇ يەردىن كېيىنكى سەپەر نىشانىمىز بولغان ئورخۇن دەرياسى بويلىرىغا جايلاشقان قاراقۇرۇم شەھىرىگە يېتىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن يەنە 100 كىلومېتىردىن ئارتۇقراق يول يۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدىكەن.

بىز يۈك تاقلىرىمىزنى ئاپتوبۇستىن ئېلىپ ئارامگاھ خىزمەتچى خادىملىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆزىمىزگە تەقسىم قىلىنغان كىگىز ئۆيلەرگە كېلىپ ئورۇنلاشتۇق دە ئارامگاھنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا ئالاھىدە قىلىپ ياسالغان ناھايىتى چوڭ بىر كىگىز ئۆيگە قاراپ يول ئالدۇق چۈنكى بۇ كىگىز ئوي بىزنىڭ چۈشلۈك تاماق يەيدىغان ئويىمىز ئىكەنلىكى بىزگە ئۇقتۇرۇلغان بولۇپ بۇ يەرنى ئادەتتە "رېستوران" دەپ ئاتايدىكەنمىز ۋە بۇ كىگىز ئوي ھەممىمىز ئۇچرىشىدىغان ئاممىۋى سورۇن ئىكەن.

سەپەر ھاردۇقچىلىقىدا يەنە كېلىپ ئادەمزاتتىن يىراق بىر يايلاقتا، ھاۋاسىنىڭ تەبىئىيلىكى ۋە ساپلىقىدا تەڭدىشى يوق بىر جايدا، غورۇلداپ يۈزىڭىزنى سىلاپ ئۆتۈۋاتقان يايلاق شامالىرى سىزگە سېخىيلىق بىلەن ھەمراھ بولۇۋاتقان مۇنداق دەقىقىلەردە قورسىقىڭىزنىڭ پىژىلداپ ئېچىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن ۋاقتىدا يېيىلگەن تائامدىن ئارتۇقراق يەنە بىر كۆڭۈللۈك، لەززەتلىك ئىش بولمىسا كېرەك! بىز چۈشلۈك تامىقىمىزنى كەچ پېشىمدە يەپ ھوزۇرلىنىپ، ئاز تولا ھاردۇقىمىزنى چىقارغاندىن كېيىن پىلانىمىز بويىچە شۇ كۈنى كەچ سائەت 7 دە "3 - نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى قۇرۇلتىيى" يىغىنىنىڭ داۋامىنى "ئىككى بوز ئات" يايلىقىدا باشلىدۇق.

بۇ نۆۋەتلىك قۇرۇلتاينىڭ كۆزلىگەن مەقسەتلىرى ۋە سالمىقى زور بولۇپ ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىرقانچە دائىرىنى نىشان قىلغان ھالدا مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلىش بېكىتىلگەن:

1 ) ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھالدا بۇ رايونلاردا ساقلىنىۋاتقان تىل ۋە تەرجىمە مەسىلىلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش؛

2 ) بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مەدەنىي پروگراممىسى: ئورخۇن ۋادىسىدا ئەجدادلىرىمىز قالدۇرغان تارىخ نامايەندىلەرنى زىيارەت قىلىش ۋە تارىخ ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش؛

3 ) ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھالدا رايوندا مەۋجۇت بولۇۋاتقان تىل، تەرجىمە ۋە تارىخ مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىپ، ئۆز ئارا چۈشەنچىنى ئىلگىرى

سۈرۈش؛  تىلشۇناس ۋە تارىخچىلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتە تەييارلىغان ئىلمىي ماقالىلىرىنى ئاڭلاش؛

4 ) ئورال  ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېت ھەيئەت ئەزالىرىنى مەزكۇر قۇرۇلتايغا قاتناشقان قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىدىن سايلاپ چىقىش.

5 ) ئورال  ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيىنىڭ تىل ۋە تەرجىمە كومىتېتىنى قوروۇپ چىقىش ۋە بۇ كومىتېتنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزالىرىنى ھەر قايسى ئەزا قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىدىن سايلاپ چىقىش ھەم كەلگۈسىدىكى خىزمەتلىرىنى پىلانلاش؛

6 ) ئورال  ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكىنىڭ لوگو  بەلگىسىنى لايىھىلەپ چىقىش؛ يىغىن ئېچىلىدىغان كىگىز ئۆيگە بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن يىغىن باشلىنىپ كەتتى.

## دوكتور دىلنۇر قاسىموۋا ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇدى



يىغىندا قازاقىستاندىن كەلگەن تىلشۇناس دوكتور دىلنۇر قاسىموۋا ئۆزىنىڭ ئۆرۈمچىدە ئىككى يىل تۇرۇپ ئىلىپ بارغان تىل تەتقىقاتى ئاساسىدا تەييارلىغان "ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆتكەنكى ۋە بۈگۈنكى تەرەققىيات مۇساپىسى" دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي ماقالىسىنى يىغىن ئەھلىگە ئاڭلاتتى. دوكتور دىلنۇر خانىم ماقالىسىدە ئاساسلىقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر بولغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى ئۈچ بۆلەككە بولۇپ مۇلاھىزە ئىلىپ بارغان بولۇپ، بىرىنچى باسقۇچ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ "تۈركى تىللار دىۋانى" يېزىلغان دەۋردىن باشلانغانلىقىنى ۋە بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقى خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، ئىككىنچى باسقۇچ بولسا مانجۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان دەۋرلىرى بولۇپ، بۇ يىللاردا خىتاي تىلىدىكى ئۇرۇش،

مەمۇريي هوقۇقلار، ھەربىي ئۇنۋانلارنىڭ ئىسىملىرىغا ئوخشاش ئاتالغۇلار تۈگگانلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارغا سىڭىشكە باشلىغانلىقىنى، ئۈچىنچى باسقۇچ بولسا 1930 - يىللىرىدىكى ئۇيغۇرلاردا قوزغالغان مىللىي ئاقارتىش يىللىرىدىن باشلاپ 1949 - يىلى خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى رەسمىي ئىشغال قىلغاندىن كېيىنكى خىتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرىشىگە كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى ۋە 1957 - يىلىدىن كېيىنكى خىتاي تىلىدىكى سوتسىيالىزم، ماركىس ئاتالغۇلىرىغا ئوخشاش كوممۇنىست ئىدېئولوگىيىسىدىكى ئىنقىلابىي ئاتالغۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۇيغۇر تىلىغا مەجبۇرى سىڭدۈرۈلۈشى، ئۇيغۇر مائارىپى ۋە جەمئىيەتنىڭ باشقا ساھەلىرىدە يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئۇيغۇرچە ئاتالغۇلىرىنى مەجبۇرى خىتايلاشتۇرۇش ئاسسىملاتسىيە سىياسىتى ۋە بۇنىڭغا قارشى نارازىلىق ھەرىكەتلىرى ئەۋج ئالغان ئۆتكۈنچى بىر دەۋر دەپ بايان قىلسا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ 21 ئەسىرگە كىرگەندە خىتاي دۆلىتى ئويدۇرۇپ چىقارغان ۋە قانۇنىي، ئىلمىي ئاساسى بولمىغان "قوش تىللىق" مائارىپى دېگەن سىياسەتنىڭ باھانىسىدە ئۇيغۇر تىل يېزىقى تارىختىكى ئەڭ ئېغىر ئاسسىملاتسىيە قىلىنىشتەك ھايات ماماتلىق بىر باسقۇچىنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىغى، بۇ خىل ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاسسىملاتسىيە قىلىنىش ھەرىكىتى يەنە ئۆز نۆۋىتىدە خىتاي دۆلىتىنىڭ ئۆزىنىڭ 1949 - يىلى دۆلەت قۇرۇلۇشىدا چاقىرغان "1 - قېتىملىق خىتاي سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى" يىغىنىدا ماقۇللانغان "خىتايدىكى خىتاي بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تىلى بىلەن خىتاي تىلىنىڭ خىتاي دۆلىتىدە قوللىنىلىشى تەڭ ھوقۇققا ئىگە بولىدۇ" دېگەن قارارىغا ۋە 1984 - يىلىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىش كۈچىگە ئىگە بولغان "مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى" غا تۈپتىن خىلاپ بىر قىلمىش ئىكەنلىكىنى شەرھلەش ئارقىلىق سوۋېت دەۋرىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ رۇس كېرىيىلىك يېزىقىنى ۋە رۇس تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر قىلىنىشىدەك ئاسسىملاتسىيە سىياسىتى بىلەن بۈگۈنكى خىتاي تەۋەلىكىدىكى ئاتالمىش "شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى" دىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل يېزىقىنىڭ ئاسسىملاتسىيە قىلىنىشى ئاساسەن "مۇستەملىكە قىلىنىش" خاراكتېرىدىكى بىر ئوخشاشلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئاقىۋەتتە بۈگۈن مەيلى ئالمۇتادا بولسۇن ياكى ئۈرۈمچىدە بولسۇن، ئۇيغۇر ياشلارنىڭ ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلىنى ياخشى بىلمەسلىكىدەك ئېچىنىشلىق بىر تراگېدىيىنىڭ مەيدانغا كېلىۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللارنى دەل پاكىتلار ئارقىلىق تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتچىسى دوكتور دىلنۇر خانىمنىڭ ئىلمىي ماقالىسىنى ئوقۇشى يېرىم سائەت داۋام قىلغاندىن كېيىن يىغىن ئىشتىراكچىلىرى تەرىپىدىن سورالغان بىر قانچە سوئاللارغا بېرىلگەن قانائەتلىنەرلىك جاۋابلار بىلەن تىنچىغان يىغىن ئەھلى دىققىتىنى نۆۋەت بىلەن سەھنىگە چىققان موڭغۇلىيىلىك تونۇلغان شامان ئۆلىماسى ۋە تەتقىقاتچىسى زاىران د.بيامبادورج ئەپەندىنىڭ شامان دىنى توغرىسىدا تەييارلىغان دوكلاتىغا ئاغدۇردى.

# موڭغۇلىيىلىك مەشھۇر شامان باخشىسى زاىران د. بىيامبادورج ئەپەندى "ئۇلۇغ تەڭرى: شامان دىنىدا ئاسمانغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى" توغرىسىدا مەلۇمات بەردى

شامان سۆزىنىڭ ئەسلى كېلىپ چىقىشى تۈرك ياكى ئۇيغۇر تىلىرىدىن كەلگەن دەپ قارىلىدۇ ۋە بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سۆزنى "شاھ مەن" دېگەن تۈركى سۆزىنىڭ تەلەپپۇزىنىڭ ئۆزگىرىشى دەپمۇ قارايدۇ.[20] ئىنسانلارنىڭ شامان دىنىغا ئىشىنىش تارىخىنى تاش دەۋرلىرىگىچە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

شامان دىنى تارىختا ھۇن، تۈرۈك ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق تۇرك موڭغۇل ۋە ئورال ئالتاي تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق بولغان بىر خىل روھىيەتنى ئاساس قىلغان دىنىي بىلىشى بولۇپ ئىنسان روھى بىلەن بەدىنى ئوتتۇرىسىكى ئالاقىلىشىشنىڭ مۇئەييەن ھەرىكەت ۋەياكى ھايات پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىشىدۇر. شامان دىنى ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى دىنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر جۇغراپىيىلىك تارقىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولغان دىنلارنىڭ بىرى. شامان دىنى تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان ھالدا كەڭ سىبىرىيە، شەرقىي شىمالىي ئاسىيا ئارقىلىق شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىلارغا، غەربىي ئاسىيا ئارقىلىق ئافرىقا قىتئەلىرىگىچە تارقالغان بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە دۇنيادا خرىستىئان ۋە ئىسلام دىنلىرىدەك كۈچلۈك دىنلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئاجىزلىششقا باشلىغان.[21]

شامان ئۆلىماسى زاىران د. بىيامبادورج ئەپەندى موڭغۇلىيىدىكى شامان دىنى ئېتىقادى ھەققىدە مەلۇماتىنى مۇنداق بايان قىلدى: "شامان دىنى روھنىڭ تەڭرى ۋە تەبىئەت بىلەن ئالاقە قىلىش ئۇسۇلىدۇر.[22] شامان دىنى ئېتىقادى ئانا تەبىئەتكە بولغان چەكسىز مۇھەببەتنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بىز ياشاۋاتقان ئانا زېمىن بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. موڭغۇللار مۇنكە ھۆھ تەڭرىنى يەنى تەڭداشسىز كۆك تەڭرىنى، تاغلار ۋە دەريالارنى خۇدا دەپ بىلىدۇ. ئاتا ئاسمان ۋە ئانا زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ روھى بولىدۇ. شامان دىنىدا ئادەملەرنى ئۇلۇغ تەڭرى ياكى كۆك تەڭرىگە ھەدىيە قىلىپ قۇربانلىق قىلىدىغان ئادەتلەر بار ۋە شۇ سەۋەبتىن شامان دىنى ئېتىقادىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئادەتتە مەخسۇس ياسالغان بىنا ياكى بۇتخانىلار بولمايدۇ. شامان دىنىنىڭ دىنىي قائىدىلىرى ئاساسەن تەبىئەتكە باغلانغان ھالدا ئىجرا قىلىنىدۇ.

شامان دىنىدا ئەگەر بىر كىشى ئۆلسە ئۇنىڭ روھى باشقا بىر ئادەمگە ياكى ھايۋانغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ئەمما ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى ئۆز جەمەتى ئىچىگە قايتىپ

كېلىدۇ دەپ قارىلىدۇ.” بىيامبادورج ئەپەندى بايانىنى داۋاملاشتۇرۇپ: “شامان دىنىدا بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا 3 قاتلامغا بۆلۈنىدۇ يەنى بىرىنچى قاتلام يۇقىرى تەبىقە بولۇپ بۇ يەردە روھلار ياشايدۇ، ئىككىنچى قاتلامدا بولسا ئىنسانلار ياشايدۇ، ئۈچىنچى قاتلام يەر ئاستىدىكى قارا دۇنيادۇر ئۇ يەردە ئەسكى روھلار ياشايدۇ. شامان دىنىدا جەمئىي 99 تەڭرى بار ۋە بۇ تەڭرىلەر 55 ئاق تەڭرى ۋە 44 قارا تەڭرىلەرگە بۆلۈنىدۇ". [23]

ئۇ موڭغۇلىيىنىڭ 20 ئەسىردىكى بۇددا دىنى ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ چۈشەنچە بېرىپ، 1920 - يىللىرىدىن بۇرۇن موڭغۇلىيىدە بۇتخانىلار ۋە بۇددا دىنى راھىبلىرىنىڭ ناھايىتى كوپ ئىكەنلىكىنى، شۇ ۋاقىتتا تەخمىن قىلىنىشىچە موڭغۇلىيىدە ھەر 3 ئەرنىڭ بىرسىنىڭ بۇددا راھىبى ئىكەنلىكىنى، كېيىن يەنى موڭغۇلىيىنىڭ 1924 - يىلى سوۋېت كوممۇنىستلىرىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى بىر غەيرى رەسمى مۇستەقىل دۆلەتكە ئايلانغان يىللىرىدا بولسا تەخمىنەن 7 مىڭدىن ئارتۇق بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنىڭ بۇزۇۋېتىلگەنلىكىنى، 1937 - يىلىغا قەدەر 30 مىڭدىن ئارتۇق موڭغۇل راھىبلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بايا قىلىپ ئۆتىدۇ.

موڭغۇلىيىدىكى شامان باخشىلىرىنىڭ پېشۋاسى بولغان زايران د. بىيامبادورج ئەپەندى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا قوشۇمچە قىلىپ، بۈگۈن ئاخشام ئۆزىنىڭ بىر قانچە شامان مۇرىتلىرىنى يىغىپ بىز چۈشكەن بۇ “ئىككى بوز ئات’’ ئارامگاھىدا گۈلخان يېقىپ، تارىختا بۇ تۇپراقلاردا ياشاپ دۇنيا سوراپ ئوتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ روھى ئۈچۈن دۇئا قىلىدىغانلىقىنى ۋە بۇ يىغىندىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق مېھمانلارنىڭمۇ قاتنىششىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سۆزىنى ئاياغلاشتۇرغان زايران د. بىيامبادورج ئەپەندى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نەچچە يىللار ئىلىپ بارغان موڭغۇلىيىدىكى شامان دېنى تەتقىقاتىغا ئاساسەن يېزىپ چىققان “ئۇلۇغ تەڭرى: شامان دىنىدىلا ئاسمانغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى” ناملىق شامان دىنى ئېتىقادى توغرىسىدىكى كىتابى يېقىندا موڭغۇل يېزىقىدا نەشر قىلىنغانلىقىنى ۋە ئاپتور بۇ كىتابىنى ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى قەيسەر ئۆزھۇن ئەپەندىگە سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئالقىش سادالىرى بىلەن يىغىنىنىڭ تۇنجى كۈنىدىكى رەسمى پائالىيەتلەر ئاياغلاشتى.

## "ئىككى بوز ئات" ئارامگاھىدا "كۆك تەڭرى" گە تەلپۈنۈپ شامانلار بىلەن بىرگە گۈلخان يېقىپ تۈنىگەن كېچە

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا “ئىككى بوز ئات” ئارامگاھىنىڭ ئىچىگە گۈلخان يېقىلىشقا باشلىدى. ئايىغىمىز دەسسەپ تۇرغان بۇ “ئىككى بوز ئات” ئارامگاھىنىڭ كۆك ئاسمىنىنى شامان دىنى ئېتىقادىدا ئايرىلىدىغان ئۈچىنچى قاتلام قاراڭغۇ دۇنيانىڭ قاراڭغۇلۇقى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەش ئۈچۈن گۇگۇم ۋاقتىغا تەۋە بولغان

ئاجىز يورۇقلۇقنى قوغلاۋاتقان بىر ۋاقىت، شامان باخشىلىرىنىڭ پېشۋاسى زاىران د. بيامبادورج ئەپەندى ئۆزىگە ئوخشاش رەڭگارەڭ قۇشنىڭ قاناتلىرىنى بېشىغا ساڭگىل سۇڭگۇل قادىۋالغان ئەمما ناھايىتى سىرلىق كۆرۈنىدىغان ئۇزۇن تونلۇق شامان كىيىمى كىيىۋالغان بىر ياش شاگىرتى بىلەن بىللە ئۇيغۇر دولان باخشىلىرىغا ئوخشاش ھەممە كېسەلگە ئوقۇپ، جىن شەيتانلارنى قوغلىۋېتەلەيدىغان ئۇيغۇر باخشىلىرىنىڭ داپلىرىدىنمۇ خېلىلا يوغان كەلگەن داپلىرىنى گۈلخاننىڭ يالقۇنلىرىغا تۇتۇپ شاراقشىتىپ ئىسسىتىشقا ۋە ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى...



كۆك ئاسماندا شەيتان يۇلتۇزلار ۋىلىلداپ چاقناپ تۇرغان، يەر يۈزىنى تۈن قاراڭغۇلۇقى قاپلىغان كېچە. تۇرۇپ تۇرۇپلا يۈزلىرىمىزگە ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان يايلاقنىڭ تاغ شامالىرى گۈلخاندىن كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق ئىسلارنى ئېلىپ كېلىپ كۆزلىرىمىزگە تىقماقتا... مانا بۇ چەكسىز ئوت (مۇنكھگال) نىڭ ھارارىتىدە بەدەنلىرىمىز كۆيمەكتە... ئەتراپىمىزدا قانداقتۇر ئېنىق ئاڭقىرغىلى بولمايدىغان ھايۋانلارنىڭ يىراق ۋە يېقىنلاردىن ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى، ئۇ بەلكىم كۆك بۆرىلەرنىڭ قاپ قاراڭغۇلۇقتا كۆزىمىزنىڭ كۆرۈشىدىن غايىب بولغان تاغلارنىڭ باغرىلىرىدا ھۇۋلىغان ئاۋازلىرىدۇر، ئىشقىلىپ ئالدىمىزدا چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئاتەش گۈلخاننىڭ سېھرى كۈچىدىنمۇ ئەيتاۋۇر بىز شامان باخشىلىرى، يەرلىك موڭغۇل چارۋىچىلار ۋە ئۆزىمىزدىن بولۇپ جەمئىي 50 ـ 60 ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ گۈلخاننى چۆرىدەپ توپلىنىپ تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي ئەتراپىمىزنى بىرخىل سۈرلۈك كەيپىيات قاپلىغاندەك، خۇددى كۆزىمىز يەتمەيدىغان بىزدىن ئانچە يىراق بولمىغان ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا جىن شەيتانلارنىڭ ياكى قاراڭغۇلۇقتىكى ئەسكى روھلارنىڭ بىزگە قاراپ تۇرۇۋاتقىنىنى ھېس قىلغاندەك تەشۋىشلىك ئىچىدە بىر بىرلىرىمىزگە تېخىمۇ يېقىن تۇرۇپ سەپلىرىمىزنى زىچلاشتۇردۇق.

بىز ئۇيغۇرلاردا ھېيت ئايەم كۈنلىرى ياكى روھقا ئاتاپ ئۆيلەردە ياغ پۇرىتىدىغان ئادەتكە ئوخشاش شامان دىنىنىڭ دىنىي مۇراسىملىرىدىمۇ بۇ ئادەت بار ئىكەن (بەلكىم بىزمۇ بۇرۇن شامان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ئادەتلەرنى شۇ شامان دىنىي ئېتىقادىدىن تاكى ھازىرغىچە تۇرمۇشىمىزغا سىڭدۇرۇپ ساقلاپ كەلگەندىمىز). بىر قانچە ياش موڭغۇل ئاياللار قاچىلاردا ئېلىپ كەلگەن بۇگۈن ئۆلتۈرۈلگەن قوينىڭ پاتاڭ، توش گۆشلىرىنى، قۇيرۇق ياغلىرىنى كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. پاراسلاپ كۆيۈپ ئىس چىقىرىشقا باشلىغان ياغلار خۇددى قەشقەرنىڭ كاۋاپچىلار بىلەن لىق تولغان كوچىلىرىنىڭ بىرلىرىدە كۆتۈرۈلگەن كاۋاپنىڭ تەمگە ئوخشاش گۆش ۋە ياغنىڭ كۆيگەن ئىش ئارىلاش قاڭسىق پۇراقلىرى بۇرنىمىزغا كىرىشكە باشلىدى. مەن بىزگە ئېنگلىزچە تەرجىمانلىق قىلىدىغان سويولبولد (ئۇيغۇرچە ئىسمى پولات) ئەپەندىدىن نېمە ئۈچۈن گۈلخانغا گۆش ياغ تاشلاپ كۆيدۈرىدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا ئۇ جاۋابەن ماڭا ”كۆك تەڭرىنىڭ ۋە بارلىق روھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرتۇلدى“ دەپ چۈشەندۈردى.



ئۇستاز شامان باخشىسى قولىدىكى داپنى شۇنداق بىر كۈچ بىلەن شاگىرتىنىڭ تەڭكىشىدە ئۇرۇشقا باشلىدىكى دەقىقىلەرنىڭ ئىچىدە بۇ جىمجىتلىققا پاتقان يايلاقنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. بۇ شامان باخشىلىرى ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلارنى ھەر تەرەپكە سىلجىتىپ، ئۆزلىرى بىردە ئوتتىن سەكرىسە، بىردە ئوتتىن ئايلىنىپ، گاھىدا بىر نېمىلەرنىدۇر دېگەن بولسا ئۇ سۆزلىرىنى تەكرار تەكرارلاپ دېگەندەك، ئاجايىپ چەبدەس

ھەرىكەتلىرى بىلەن بەزىدە ئىككى قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، قولىدىكى داپلارنى پۇلاڭلىتىپ دۇئا تەكبىرلەر ئوقۇپ ئاتا ئاسمانغا، ئانا زېمىنغا، كۆك تەڭرىگە ۋە ئۇيغۇرنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ روھلىرىغا بېغىشلانغان بۇ شامان مۇراسىمىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى.

بىز شامان باخشىلىرى ۋە موڭغۇللار بىلەن يەرلىك ۋاقىت 12 گىچە بىرگە بولۇپ، ئەڭ ئاخىردا قوللىرىمىزنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا ئىلتىجا قىلىپ ئاۋۋال كۆك تەڭرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 99 تەڭرىنىڭ روھىغا ئاندىن تارىختا شامان، كېيىن بۇددىست بولۇپ ياشىغان، بۇ زېمىنلاردا دۆلەتلەر قۇرۇپ سەلتەنەت سۈرگەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ ۋە بۇگۈنكى ئاسارەتتىكى خەلقىمىزگە ھۆرلۈك، مۇستەقىل بىر ۋەتەن تىلەپ دۇئا تىلەكلىرىمىزنى بايان قىلىپ شامان باخشىلىرىنىڭ پىرى زايران د. بىيامبادورج ئەپەندىگە ئۇيغۇر ئۈچۈن ئوقۇغان دۇئا تىلاۋەتلىرىگە مىننەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ بۇگۈنكى شامان باخشىلىرى بىلەن بىرگە بولغان بۇ تۈنىكىمىزنى بىر بىرىمىزگە ئۈمىد ۋە ياخشى تىلەكلىرىمىزنى ئىزھار قىلىش بىلەن ھاياجانلىق مىنۇتلار ئىچىدە ئاياغلاشتۇردۇق.

شۇنداق قىلىپ موڭغۇل يايلاقلىرىدا ئۆتكەن سەپىرىمىزنىڭ تۈنجى كۈنى "ئىككى بوز ئات" ئارامگاھىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلار بىلەن تۈگىدى.

## 2011 - يىلى 4 - ئىيۇل

## قاراقۇرۇم شەھرىدە




يامغۇرلۇق سەھەر. سەھەر تۇرۇپ ئەتىگەنلىك ناشتىلىقىمىزنى قىلىپ، "ئىككى بوز ئات" ئارامگاھىدىن ئايرىلىپ، ئاپتوبۇس بىلەن قاراقۇرۇم شەھىرىنى نىشانلاپ بىر سائەتلەرچە

ماگدۇق. بىزنىڭ موگغۇل ۋە ئېنگلىزچە تەرجىمانىمىز سويولبولد ئاپتوبۇستا ماگغاچ بىزگە مۇنداق دېدى: "سىلەرنىڭ سەپىرىڭلار بەك خاسىيەتلىك ئىكەن، ئاخشام بىز ھەممىمىز شامانلار بىلەن بىللە كۆك تەڭرىلەرگە قىلغان دۇئا تىلاۋەتلىرىمىز قوبۇل بولۇپ بۈگۈن سەھەردىن باشلاپ يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. ئادەتتە بۇ يەرلەردە بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە يامغۇر ناھايىتى ئاز ياغاتتى. بولۇپمۇ بۇ يىل موگغۇل يايلاقلىرىدا قۇرغاقچىلىق بولۇۋاتاتتى ئەمما سىلەر ئۇيغۇرلار تەڭرىگە يېقىن كىشىلەر بولغىنىڭلار ئۈچۈن يامغۇرنى، بەرىكەت ۋە ئاسايىشلىقنى ئۆزۈڭلار بىلەن بىللە بىزگە ئېلىپ كەلدىڭلار!

بىز ئورخۇن دەرياسىنىڭ بويلىرىغا جايلاشقان قەدىمي تارىخي شەھەر قاراقۇرۇم شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. قاراقۇرۇم شەھىرى ھازىرقى موگغۇلىيىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىدىكى 21 ئايمىغى بولغان ئۆۋۆركھاگاى ئۆلكىسىنىڭ غەربي شىمالىغا جايلاشقان. تارىختا ئورخۇن بويلىرىغا تۇتۇشۇپ تۇرىدىغان قاراقۇرۇم شەھىرى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى گۈزەل يايلاقلار ھۇن، كۆكتۈرك، ئۇيغۇر ۋە موگغۇل قاتارلىق ئىمپېرىيىلىرىنىڭ پايتەختى بولغانلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇردۇر. تارىخى مەنبەلەرگە مۇراجىئەت قىلساق مۇنداق بايانلارنى كۆرەلەيمىز: "1219 - يىلى چىڭگىزخان قاراقۇرۇم دېگەن يەردە ئەسكەرلىرىنى يىغىپ خارەزىم شاھلىقىغا قارشى يۈرۈش قىلىدۇ". [24]

تارىختا نۇرغۇنلىغان ئىمپراتۇرلۇقلارنىڭ پايتەختى بولۇپ دۇنيانىڭ تەقدىرى كېسىلگەن بۇ جاي چىڭگىزخان ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نەۋرىسى قۇبلايخان 1260 - يىلى موگغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرۇپ پايتەختىنى خانبالىق (بۈگۈنكى بېيجىڭ) گە يۆتكىگەندىن كېيىن قاراقۇرۇم شەھىرى ئىچكى ئۇرۇشلار سەۋەبلىك كۆيدۈرۈلۈپ ۋەيران قىلىنىدۇ.

بۈگۈنكى قاراقۇرۇم شەھىرىنىڭ كۆلمى تارىختىكى قاراقۇرۇم شەھىرىدىن خېلىلا كىچىك بولۇپ، شەھەرنىڭ ئورنىمۇ بۇرۇنقى ئورنىدىن ئەتراپقا يۆتكەلگەنلىكى ياكى بۇرۇنقى قاراقۇرۇم شەھىرىنىڭ ئەينەن ئورنىنى بېكىتىشنىڭ قىيىنلىقىنى گېرمانىيىدە تۇغۇلغان رۇسىيىلىك تۈركولوگ ئالىم ۋاسلي ۋاسلىەۋىچ رادلوۋ ئۆز بايانلىرىدا شەرھلەيدۇ. [25]



هازىرقى قاراقۇرۇم شەھىرىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىكى كونا شەھەر خارابىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى 6 ۋە 7 - ئەسىرلەرگە تەۋە بولغان ھۇن، كۆكتۈرك ئىمپېرىيىسى، ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى بولغان ئوردۇ بالىلىق (كېيىن قارابالاساغۇن دەپ ئاتالغان، كۆلىمى 2،5 كۋادرات كىلومېتىر) ھەم 13 ئەسىردىكى چىڭگىزخان موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرلىرىدىن قېلىپ قالغان نۇرغۇنلىغان تارىخىي يادىكارلىقلارغا ئىگە بولغان 121، 967 گېكتار يايلاق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن مەدەنىيەت مەھكىمىسى تەرىپىدىن "ئورخۇن ۋادىسى مەدەنىيەت ئىزنالىرى" دېگەن نام بىلەن 2004 - يىلى خەلقئارالىق قوغدىلىدىغان دۇنيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. [26]

تارىختىكى ۋە بۈگۈنكى قاراقۇرۇم شەھىرىنىڭ تارىخىي ۋە سىياسىي مۇھىملىقى ھەتتا بۈگۈنكى موڭغۇلىيە دۆلىتىدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان بولۇپ 2004 يىلى موڭغۇلىيە دۆلەت رەئىسى ئەلبەگدورج ئەپەندى "قاراقۇرۇم شەھىرىنى موڭغۇلىيىنىڭ يېڭى پايتەختى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانى" نى ئوتتۇرىغا قويغان ئەمما ئۇ چاغدا مەزكۇر پىلان ئەمەلگە ئاشمىغان ئىكەن. كېيىنكى نۆۋەتلىك دۆلەت رەئىسلىك سايلىمىدا قايتا رەئىس بولغان ئەلبەگدورج ئەپەندى بۇ پىلانىدىن ۋاز كەچمەي ھازىرمۇ بۇ ئىش تۇرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىۋېتىپتۇ.[27] ئاپتوبۇس قاراقۇرۇم شەھىرىنى تىزلا ئايلىنىپ ئۆتۈپ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولغان، تىبەت بۇتخانىلىرىنىڭ مۇنارلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاق رەڭلىك مۇنارلار بىلەن ئەتراپى قورشاۋغا ئېلىنغان بىر قەدىمي بۇتخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ موڭغۇلىيىدە تۇنجى سېلىنغان تىبەتلىكلەرنىڭ ئۇسلۇبىدىكى بۇتخانا بولۇپ، تىبەتلىك بۇددىست ئەردەنە زۇۋۇ[28] تەرىپىدىن ئۇرۇش

خارابىلىكلىرىنىڭ ئورنىغا 1585 ـ يىلى ياسالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى بىلەن "ئەردەنە زۇۇ" دەپ ئاتالغان ئىكەن.[29]

بىز يامغۇرنىڭ يېغىشىغا ئانچە پەرۋا قىلماي بۈگۈنكى قاراقۇرۇم شەھىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولغان ئەردەنە زۇۇ بۇتخانىسىنىڭ موزېيخانىسىنى، بۇتخانىنى ۋە بۇ بۇتخانىنىڭ سىرتىدا ئانچە يىراق بولمىغان جايغا ياسالغان تاشپاقا ھەيكەللىرىنى زىيارەت قىلدۇق. قەدىمكى ۋاقىتلاردا تاشپاقا ھەيكەللىرى خان ئوردىلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئوردىنى، خەلقنى سۇ ۋە باشقا ئاپەتلەردىن قوغداش ئۈچۈن قويۇلىدىغانلىقى مەلۇم.[30]

## يۇرت ئارامگاھى - ئورخۇن بويىدا تۈنىگەن كېچە

ئەردەنە زۇۇدىكى زىيارىتىمىزنى ئاياغلاشتۇرۇپ، قاراقۇرۇم شەھەر خارابىلىرىدىن غەرب تەرەپكە قاراپ 15 چاقىرىم مېڭىپ ئورگوو گەر ئارامگاھىغا كېلىپ ئورۇنلاشتۇق.
موڭغۇل تىلىدا ئورگوو دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى "ئاھالىلەر ياشايدىغان يەر، ئۆتەڭ ياكى ئوردا" دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە "گەر" سۆزى "كىگىز، كىگىز ئۆي ياكى يۇرت" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن.



شۇڭا بىز بۈگۈن ئاخشام تۈنەيدىغان ئورخۇن دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بىر گۈزەل بولۇق يايلاقلىقتا جايلاشقان بۇ ئارامگاھىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ يۇرت ئارامگاھى دەپ ئاتايلى.

بىز چۈشلۈك تامىقىمىزنى يۇرت ئارامگاھىدا كېچىكىپ يېگەندىن كېيىن، بىر سائەت ئارام ئېلىپ، ئالدىنقى كۈنىدىكىگە ئوخشاش يىغىنىمىزنى سائەت 5 دە باشلىدۇق. بۈگۈنكى يىغىنىمىز ئىككى سائەت داۋام قىلدى. يىغىندا تۈركىيىدىن كەلگەن سابىق

تۈركىيە قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى، بوغازچى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىلشۇناس پروفېسسور دوكتورى سۇئات كارانتاي ئەپەندى "تۈركىي تىللىرىنىڭ تارىخى ۋە بۈگۈنكى تەرەققىياتى" دېگەن تېمىدا تەييارلىغان ماقالىسىنى كۆپچىلىككە ئاڭلىتىپ، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر تىلنىڭ ئېنىق بىر چېگراسى بولمايدىغانلىقى، تىلنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە بەزى تىلنىڭ مۇئەييەن تارىخىي باسقۇچلاردىن كېيىن كۆچلەنسە ۋە يەنە بەزى تىللارنىڭ يوقىلىپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇڭا تىلنىڭ قانۇنىيىتى سۇبيېكتىپ ئاڭنىڭ ئوبيېكتىپ ئىنسان ھاياتىدا ئەكس ئېتىشى بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ھەر قانداق دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تىلى دەۋر ئېھتىياجىغا ئاساسەن تەرتىپكە سېلىنىپ تۇرۇلۇشى ۋە كۆچلەندۈرۈلۈشى كېرەكلىكىنى شەرھلەپ، جۈملىدىن تۈركىيەدە بولسا ئوسمان ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن يېڭى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بىر تۇتاش سىياسەت تۈزۈپ تۈرك تىلىدا ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلۈكلەرنى تازلاپ چىقىرىپ، تۈرك تىلىنى ساپلاشتۇرۇشتەك تارىخىي بىر ۋەزىپىنى ئادا قىلغانلىقى ئەمما مۇشۇنداق دۆلەت دەرىجىلىك بىر تىل سىياستى ئۆزبېكىستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدە يۈرگۈزۈلمىگەنلىكتىن بۇ تۈرك تۇپراقلىرىدا تىل مەسىلىسى نېگىزلىك بىر مەسىلە سۈپىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقى قاتارلىق بىر تۈرلۈك تىل مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىل تەرەققىياتى توغرىسىدا ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. يۇرت ئارامگاھىدىكى يىغىن يۇقىرى كەيپىياتلار بىلەن ئىككى سائەت داۋام قىلدى.

## "كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس"

چەكسىز كۆك ئاسمان ئاستىدا ھاياتلىق بۇلىقى بولغان پايانسىز كەتكەن ياپ يېشىل يايلاق كۆز بىلەن غۇۋا كۆرگىلى بولىدىغان ئۇپۇقنىڭ نامەلۇم بىر نۇقتىسىدا سۆيۈشمەكتە... قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن نامازشام ۋاقتىدىكى قۇياش خۇددى ئۆزىنىڭ بىر كۈنلۈك ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىپ ئۆيىگە ئالدىراپ ماڭغان شەھەر سودىگىرىدەك ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىرىماقتا... تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ھەر جايغىلا نېسىپ بولمىغىنىدەك ئەجدادلىرىمىز ياشىغان بۇ ئورخۇن بويلىرىدىكى قۇياش ئاتا قىلغان كەچ شەپەق گۈزەللىكىنى بۇ مىنۇتلاردا ئاددىي تىللىرىم بىلەن ئىپادە قىلىشقا ئاجىز كەلگەنلىكىمنى ئىختىيارسىز ھېس قىلىۋاتىمەن.

يىغىننى تۈگىتىپ ھەممىمىز بوش بولغاندىن كېيىن، يىغىنغا كەلگەن چوڭلىرىمىزنىڭ تەلىپى بىلەن بىز يۇرت ئارامگاھىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ياردىمىدە بىز تۇرغان ئارامگاھدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە قوي كالىلىرىنى بېقىۋاتقان موڭغۇل چارۋىچىلاردىن بىر قوي سېتىپ ئېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىسلام دىنىي قائىدىسى بويىچە ھالال قىلىپ بوغۇزلىغاندىن كېيىن قازاندا گۆش ۋاراقلاپ قايناشقا باشلىدى... يەنە بىر قانچەيلەن قازاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئالدىراش قىيمىلىق قىلىپ تەييارلانغان قوي گۆشىنى زىققا ئۆتكۈزمەكتە.

ئەمدى بۇ يەردىكى ئىش بولسا گۆشنىڭ پىششىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشلا قالغان ئىدى. مەن بىز تۇرغان بۇ يۇرت ئارامگاھىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە ناھايىتى يېقىن كۆرۈنگەن تاغ باغرىدا تارىخنىڭ تىرىك شاھىتى بولۇپ تىمتاس ئېقىۋاتقان ئورخۇن دەرياسىنى كۆرۈپ كېلىش ۋە ئىككى قولۇم بىلەن ئوچۇملاپ تۇرۇپ ئاتا بوۋىلىرىمىز ئىچكەن بۇ ئەزىم دەريانىڭ زەمزەم سۇلىرىدىن يۈرگۈم قانغىچە ئىچىش ئىستىكى تۇغۇلدى دە ئورخۇن دەرياسىنى نىشانلاپ بىر چىغىر يولنى بويلاپ ئۆزۈم يالغۇز يول ئالدىم.

يۇرت ئارامگاھىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشۇمغا سەپىرىمگە دولقۇن ئاكا، ئىنىمىز مولتجان، قەيسەر، رەھىمە ۋە ئىلھاملار قوشۇلدى. بىز يول بويى بىر خىل قەدەملىرىمىز بىلەن چىغىر يوللارنى بويلاپ شەپەق سۆيگەن گۈزەل يايلاقنىڭ ساپ ھاۋالىرىدا راھەتلەنگەچ ئارخېئولوگ، تارىخشۇناس دولقۇن قەمبىرى ئاكىمىزنىڭ ئورخۇن بويلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدا بىزگە ئېيتىپ بەرگەن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئاجايىپ تارىخ كەچمىشلەرنى ئاڭلىغاچ يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.



بىز خېلى ۋاقىت يۈردۇق، قىزغىن پاراڭلار بىلەن قانچىلىك ماڭغىنىمىزغىمۇ دىققەت قىلماپتىمىز. بىر چاغدا سائەتكە قارساق يەرلىك ۋاقىت 9 دىن 45 مىنۇت ئۆتۈپتۇ ئەمما بىز تېخى يېقىنلا كۆرۈنگەن تاغ باغرىدىكى ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئۆسكەن دەرەخلەرنىڭ سېيماسىنى غىل  پاللا كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. قەدەملىرىمىز ئاستىدىكى بۇ گۈزەل يايلاقتا كېچە قاراڭغۇلۇقى ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ ئالدىدا تۇرماقتا. “كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس” دېگەندەك، بىز ئارامگاھتىن ئايرىلىپ بىر يېرىم سائەتتىن ئارتۇق مېڭىپتۇق ئەمما تېخى سەپىرىمىزنىڭ يېرىمىنىمۇ تۈگىتەلمىگەنلىكىمىزنى بايقىدۇق دە

ئەگەر يولىمىزنى يەنە داۋاملاشتۇرساق كېچە سائەت 12 دىن بۇرۇن يۇرت ئارامگاھىغا قايتىپ كېلەلمەيدىغىنىمنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قازاندا قايناۋاتقان گۆشنىمۇ ئىسسىقىدا يېيەلمەيدىغانلىقىمىزنى مۆلچەرلەپ "كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس" دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى تولۇق چۈشەنگەندەك ھېس قىلدۇق دە  قاراڭغۇلۇق ئىچىدە چىغىر يولنىڭ ئىزلىرىنى بىردە كۆرۈپ بىردە كۆرەلمەي دېگەندەك قانداقتۇر بىر كۆز يەتكۈسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر ككى تال چېكىت چوڭلۇقىدا پىلدىرلاپ كۆرۈنۈۋاتقان يورۇقلۇقلارنى نىشانلاپ قايتىپ ماڭدۇق. خېلى چارچاشلار بىلەن 11 يېرىملاردا يۇرت ئارامگاھىغا ساق  سالامەت قايتىپ كەلدۇق. تەلىيىمىزگە بىز قايتىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا قاراڭغۇ ئاسمان تۇيۇقسىز تېشىلگەندەك گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر شىددەتلىك يانغان چاقماقلار بىلەن تەڭلا شارقىراپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. بىز ھەممىمىز ئۇلاش  چولاش قولنى قولغا تۇتۇپ گۆش قايناۋاتقان قازاننى كىگىز ئۆينىڭ ئىچىگە يۆتكەپ كىردۇق ۋە ئۆزىمىزنى خۇددى تارىختىكى ئەجدادلىرىمىز ياشىغان زامانلارغا قايتقاندەك ئانچە چوڭ بولمىغان بىر كىگىز ئۆي ئىچىگە بىز 20 ـ 30 كىشى بىرلىكتە  قىستىلىپ ئولتۇرۇپ كېچىلىك بەزمىمىزنى قىزىتىۋەتتۇق. قازاندا گۆش قاينىماقتا، ئاستىدا كاۋاپلار پىژىلداپ كۆيمەكتە، مەززىلىك پۇراقلار بىلەن ئاچچىق ئىس چىقىرىپ ئۆي ئىچىنى لىق تولدۇرماقتا..ئورال ئالتاي تىللىق ھەر مىللەتنىڭ ناخشىلىرى... كۈلكە چاقچاقلار بۇ غېرىبانە كىگىز ئۆينىڭ ئىچىدە يامغۇردىن پاناھلىنىپ قىسىلىپ ئولتۇرغان بۇ سوغۇق كېچىنى ئاسانلا ئۇنتۇلدۇرماقتا... ھەر  بىر قەلبلەرگە ئۆزىگە خاس مېھرى مۇھەببەتلەرنى ئاتا قىلماقتا، ئەجدادلىرىمىز ياشىغان يايلاق ھاياتىنىڭ ھەر  بىر قانۇنىيەتلىرىدىن بىزگە دەرس بەرمەكتە ئىدى.



## 2011 - يىلى 5 - ئىيۇل

# خوشۇ سايدام تۈرك مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىنى زىيارەت قىلىش

خوشۇ سايدام ئورخۇن بويلىرىنىڭ كۆك ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىغان، بورانلىق يامغۇر يېغىۋاتقان جۇدۇنلۇق بىر سەھەر. بۈگۈن 5 ئىيۇل بىز ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرىسىدىن مەڭگۈ ئۆچمەيدىغان "ئۈرۈمچى 5 ئىيۇل" قانلىق ۋەقەسى بولۇپ ئۆتكىنىگە ئىككى يىل تولغان خاتىرە كۈنى ۋە بىزنىڭ ئورخۇن بويلىرىغا قىلغان سەپىرىمىزنىڭ بولسا 3 كۈنىدۇر. بىز ئاپتوبۇس بىلەن يۇرت ئارامگاھىدىن سەھەردىلا سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئاتلاندۇق.

بىزنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوبۇس ئارامگاھىدىن ئايرىلىپ يايلاقنىڭ چىغىر يوللىرىنى ئاۋايلاپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن قاراقۇرۇم شەھرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ يېڭىدىن ياسالغان بىر تاش يولغا كىردى دە ئالدىغا قاراپ تىز يۈرۈشكە باشلىدى. بۇ تاش يولنىڭ باشقا يول بىلەن ئۇچرىشىدىغان كىرىش ئېغىزىدا يول ئۈستىگە رەختتىن ياسالغان يوغان لوزۇنكا ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىنىش تەرىپىگە موڭغۇلىيە بىلەن تۈركىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى چۈشۈرۈلگەن، ئوتتۇرىسىغا قىزىل رەڭدە تۈرك ۋە موڭغۇل تىللىرىدا "خوشۇ سايدام تۈرك مەدەنىي يادىكارلىقلار ساھىلىغا خوش كەلدىڭىز" دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئىدى.




موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى ئۆز دۆلەت تۈپرىقىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش جۈملىدىن ئورخۇن دەريا ۋادىلىرىدىكى تۈرك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش

خىزمىتىنى ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلىرى تۈپەيلىدىن نۇرغۇن دۆلەت دەرىجىلىك قوغداش تۈرلىرى تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەن ئەمما 2004 - يىلى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورخۇن ۋادىلىرىدىكى تۈرك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى قوغداش ئىلتىماسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن مەدەنىيەت مەھكىمىسى تەرىپىدىن "خەلقئارالىق قوغدىلىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى" تىزىملىكىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن بىر تۈرلۈك قوغداش ئىش تۈرلىرى تۈركىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەتئەل مەملىكەتلىرىنىڭ ياردىمىدە قانات يايدۇرۇلغان.

بۇنىڭ دەلىلى شۇكى، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى بۈگۈنكى موڭغۇلىيىنى تارىختىكى تۈرك ئىمپېرىيىلىرىنىڭ تۇغۇلغان بۆشۈك زېمىنى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن موڭغۇلىيە دۆلىتى بىلەن ئالاھىدە سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ھەمكارلىقلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش دۆلەت سىياسىتى تۈزگەن بولۇپ، بۇ رامكا ئىچىدە ئىككى دۆلەتنىڭ ھەر ساھەلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۆز ئارا ھەمكارلىقى كۆرۈنەرلىك كېڭەيگەن. بولۇپمۇ 2005 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش مىنىستىرى رەجەپ تايىپ ئەردوغاننىڭ موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە قىلغان رەسمىي دۆلەت زىيارىتىدىن كېيىن تۈرلۈك ئىش بىرلىكى كېلىشىملىرى ئىمزالىنىپ ئىككى دۆلەتنىڭ ھەمكارلىقى كۈچەيتىلگەن. بۇ ھەمكارلىق ساھەلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرىدىغىنى ئورخۇن ۋادىلىرىدىكى تۈرۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش بولۇپ، تۈركىيىنىڭ "تۈرك خەلقئارالىق ھەمكارلىق ۋە تەرەققىيات ئاجېنسى" (TIKA) بۇ ئىش تۈرلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ئورۇندۇر!

بىز ئاپتوبۇستا قاراقۇرۇم شەھىرىدىن كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈتاش ئابىدىلىرى قاتۇرۇلغان جاي بۈگۈنكى خوشۇ سايدام مۇزېيىغا بارغىچە بولغان 45 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى يول تۈركىيە تىكا ئاجېنسىنىڭ بىۋاستە ئىقتىسادى ياردىمىدە ياسىلىپ بۇ يىل 5 ئايدا رەسمىي قاتناش باشلانغان ئىكەن. بىز ئورخۇن دەرياسىنىڭ شىمالىي بويلىرىنى بويلاپ بۇ يېڭى ياسالغان تاش يولدا بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن خوشۇ سايدام تۈرك مەڭگۈتاش ئابىدىلىرى ئۈچۈن ياسالغان بىر ھەيۋەتلىك مۇزېيىم خوشۇ سايدام مۇزېيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.

بۇ يەرنىڭ رەسمىي ئىسمى موڭغۇلچە "خوشۇ سايدام تۈرك مەدەنىيەت ئىزلىرى مۇزېيى" دەپ ئاتىلىدىكەن يەنى "خوشۇ" سۆزىنىڭ موڭغۇلچە مەنىسى "خاتىرە جاي" دېگەننى بىلدۈرسە "سايدام" سۆزى بولسا "ئويمانلىق" دېگەننى بىلدۈرىدىكەن.

خوشۇ سايدام مۇزېيى يەنى كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈتاشلىرى ياسالغان جايلار ئورخۇن دەرياسىنىڭ شىمالىي بويلىرىغا، ئورخۇن دەريا ئېقىنى كېلىدىغان ئۆتۈكەن تاغلىرىنىڭ (بۈگۈنكى خانگاي تاغلىرى) شەرقىي شىمال تەرەپلىرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەر بۈگۈنكى موڭغۇلىيە پايتەختى ئۇلانباتور (قىزىل باتۇر) دىن 400 كىلومېتىر يىراقلىقتا.




تۈركىيىنىڭ تىكا يەنە نۇرغۇن مەبلەغ سېلىپ كۆلتېكىن، بىلگە قاغان مەرمەر تاش مەڭگۈ ئابىدىلىرى قاتارلىق بىر تۈرلۈك تۈرك مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنى بۇزۇلۇپ ۋەيران بولۇشتىن قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كۆلمى زور بولغان خوشۇ سايدام تۈرك مۇزېيى" نى قۇرۇپ چىققان.



كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈتاشلىرى قويۇلغان جايلارنىڭ ئەسلى ئورنى مۇكەممەل تام سېپىللىرى بىلەن قورشىلىپ مۇداپىئە قىلىنغان بولۇپ، مۇزېيخانا 400 مېتىر شىمال تەرەپكە ياسالغان. مۇزېي ئىچىگە كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغاننىڭ مەڭگۈتاش ئابىدىلىرى بىلەن بىرگە بۇ يەردىن تېپىلغان 6 ـ 7 ـ ئەسىرلەردىكى كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىگە ئائىت باشقا تارىخىي يادىكارلىقلارمۇ قويۇلغان. بۇ مۇزېينىڭ مۇكەممەلكى، ئىچىگە قويۇلغان تارىخىي يادىكارلىقلارنىڭ مولluقى بىلەن سىزنى ھەيرانۇ ھەۋەستە قالدۇرىدۇ چۈنكى بۇ سىزنىڭ ئەجدادلىرىڭىزنىڭ بۇنىڭدىن 1300 يىللار ئىلگىرىكى بىز تۈرك ئەۋلادلىرىغا قالدۇرغان بىردىن بىر كۆز بىلەن كۆرگىلى، ئوقۇغىلى ۋە قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ئاتا مىراسلىرىدۇر. سىز تەقدىر نېسىپ ئەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ مۇزېيغا زىيارەتكە كەلسىڭىز ئۆزىڭىزنى لوندون ياكى پارىژدىكى ھەشەمەتلىك مۇزېيخانىلاردىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق زوق ئالىدىغانلىقىڭىزغا جەزمەن ئىشىنىمەن! مەنبەلەردە بايان قىلىنىشىچە ئاسىيا ھۇن ئىمپېرىيىسى غەربكە كۆچكەندىن كېيىن مىلادى 552 ـ يىلىدىن 744 ـ يىلىغىچە ياۋروئاسىيادا شەرقتە تىنچ ئوكياندىن غەربتە كاسپىي دېڭىزى، شىمالدا ئورال تاغلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىپايان كەڭ زېمىندا ئەڭ ئاۋۋال تېلى، ئۇيغۇر ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە تاتار (ئوتتۇز تاتار)، قىرغىز، تۈركەش، قارلۇق قاتارلىق توققۇز ئوغۇز تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاقى ئاساسىدا ئاشنا ئۇرۇقتىن كۈچىيىپ تۈمەن (مەڭگۈتاشلاردا بۇمىن دەپ يېزىلغان) قاغانىڭ رەھبەرلىكىدە تۈرك خاقانلىقىنى قۇرىدۇ. تۈمەن ئۆزىگە "ئىلىك قاغان" دەپ نام بېرىدۇ ۋە بۇ خاقانلىق تارىختا "كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى" دەپ ئاتىلىدۇ.[31]

كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى مىلادىنىڭ 582 ۋە 583 ـ يىللىرىغا كەلگەندە خاقانلىق ئىچىدە ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرۈشى كەسكىنلىشىپ، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلۇپ شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك ئىمپېرىيىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېتىدۇ. كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى ئىككىگە پارچىلانغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچمەي ئۆتۈكەن تاغلىرىنى مەركەز قىلىپ ئورخۇن دەريا بويلىرىدا داۋاملىق ياشاپ كەلگەن تۈرك قەبىلىلىرى ئۆز ئىچكىدىكى زىددىيەتلىرى تۈپەيلى ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ "پارچىلاپ ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە يوقىتىش" ھىيلىسىنىڭ تۈرتكىسىدە كوپ ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ... كېيىنكى ۋاقىتتا قۇتلۇق ئىلتىرىش قاغان ۋە تۈيۇنقۇق باشچىلىق قىلىپ تۈرك قەبىلىلىرىنى قايتا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ تۈرك ئىمپېرىيىسىنى 682 ـ يىلى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ۋە بۇ ئىمپېرىيە تارىختا شەرقىي تۈرك ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى قۇتلۇق ئىلتىرىش قاغاننىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ چوڭىنىڭ ئىسمى بىلگە، كىچىكىنىڭ كۆلتېكىن ئىدى. قۇتلۇق ئىلتىرىش قاغان 692 ـ يىلى ۋاپا بولىدۇ. ئۇ ۋاپات بولغان ۋاقىتتا بىلگە قاغان 8 يېشىدا، كۆلتېكىن 7 ياشتا قالىدۇ. بىلگە قاغان ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ شەرقىي تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى بولىدۇ. شاھزادە ۋە ھەربىي قوماندان كۆلتېكىن تۈرك قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزغان قەبىلىلەرگە ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئۇلارنى بويسۇندۇرىدۇ. ئۇ 720 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە ئۇرۇشتا تاڭ سۇلالىسىنى يېڭىدۇ. 725 ـ يىلى تۈيۇنقۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ نامىغىمۇ ئىككى تاش ئابىدە قاتۇرۇلىدۇ.[32]

كۆلتېكىن 47 يېشىدا 731 - يىلى ۋاپات بولدى. بۇ تاش ئابىدىلەر كۆلتېكىن[33] ۋاپات بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ياسالغان بولۇپ، بۇ مەرمەر تاش ئابىدىنىڭ ئېگىزلىكى 3،57 سانتىمېتىر، كەڭلىگى 1،40 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 49 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بۇ مەرمەر تاشنىڭ ئۈچ تەرىپىگە جەمئىي 68 قۇر قەدىمكى تۈرك (رۇنىك) يېزىقىدا[34] خەت ئويۇلغان بولۇپ، بىر تەرىپىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزوڭ خانى ئۆز قولى بىلەن كۆلتېكىننىڭ ئۆلۈمىگە يازغان تەزىيىسى ختاي يېزىقىدا تاشقا ئويۇلغان.[35] كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغاننىڭ جىيەنى يوللۇق تېكىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن. مەڭگۈتاشتا كۆلتېكىننىڭ ياراتقان تۆھپىلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللار نەپىس شېئىرىي تىل بىلەن بايان قىلىنغان. بۇ تاش ئابىدىلەرگە ئويۇلغان تېكىستلەر 20 - ئەسىردە تۇنجى قېتىم تۈركولوگ ئالىم رادلوۋ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىدۇ.

## كۆلتېكىن مەڭگۈتېشىغا ئويۇلغان تېكىستلەردىن ئۈزۈندە




قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا كۆلتېكىن ئىسمىنىڭ يېزىلىشى:𐰚𐰇𐰠𐱅𐰃𐰏𐰤

*"مەن شۇنچە كوپ جايلارغا قوشۇن تارتىپ باردىم، (لېكىن) ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى ... جاي زادى يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان يەر ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، تابغاچ (ختاي) خەلقى بىلەن ياراشتىم.*

(ئۇلار) ئالتۇن كۈمۈش، هاراق شاراب، يىپەك (ماللار) نى غەم قىلمايلا ؛
تابغاچ خەلقىنىڭ گېپى چۈچۈك، سوۋغىلىرى ئېسىلكەن، تاتلىق سۆزى، ئېسىل بېرىدۇ
سوۋغىلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى خەلقلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدىكەن.
(ئۇلارغا) يېقىنلاشقاندىن كېيىن (ئۆزلىرىنىڭ) يامان ھىيلىلىرىنى چىقىرىدىكەن، ياخشى،
ئەقىللىق كىشىلەرنى ناھايىتى باتۇر كىشىلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرمەيدىكەن، بىر كىشى
خاتالاشسا (ئۇنىڭ) ئۇرىغى، قوۋمى ۋە بۆشىكىدىكىچە روناق تاپقۇزمايدىكەن. (ئۇلارنىڭ)
چۈچۈك سۆزىگە، ئېسىل سوۋغۇللىرىغا ئىشىنىپ نۇرغۇن تۈرك خەلقى ئۆلدۈگلار...

تۈرك خەلقى هالاك بولغاندىن كېيىن (قالغانلىرى) جەنۇبتىكى چوغاي تېغىغا توپلىنىپ
يايلاقتا ئولتۇراقلىشايلى دېسە، يامان نىيەتلىك كىشلەر تۈرك خەلقىنى شۇ يەردە ئۆلسۇن
دەپ: (ئەگەر ختايغا) يىراق بولساڭلار، ناچار سوۋغا بېرىدۇ، يېقىن بولساڭلار ياخشى
سوۋغا بېرىدۇ دەپ قۇتراتقۇلۇق قىلىپتۇ؛ بۇ هيلىنى بىلمىگەن كىشلەر ئۇ سۆزگە
ئىشىنىپ، ختايغا يېقىن بېرىپ (نەتىجىدە) نۇرغۇن كىشى ئۆلدۈگلار، ئۇ يەرگە بارساڭلار
تۈرك خەلقى ئۆلىسلەر، ئۆتۈكەن زېمىنىدا تۇرۇپ (ئۇلارغا) كارۋان ۋە ئەلچىلەرنىلا
ئەۋەتسەڭلار (ئەلدە) هېچقانداق غەم قايغۇ بولمايدۇ، ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرۇۋەرسەڭلار
ئەلنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالايسلەر....تۈرك خەلقى سىلەر قانائەتچانسلەر، ئاچ توق
قالىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىمايسلەر، تويغان ۋاقتىڭلاردا ئاچ قالىدىغانلىقىڭلارنى
ئويلىمايسلەر، شۇنداق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنى بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى
ئالماي، هەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتىڭلار، (نەتىجىدە) ئۇ يەرلەردە هالسىزلاندىڭلار،
جېنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار، قالغانلىرىڭلار سەرگەردان بولۇپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ
قالدىڭلار..." .[36]

## بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى




بىلگە قاغان مەڭگۈتېشى كۆلتېكىننىڭ ئاكىسى شەرقىي تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ خاقانى بىلگە قاغاننىڭ نامىغا ئاتاپ قويۇلغان مەڭگۈتاش ئابىدىسى بولۇپ خوشۇ سايدامدىكى كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى تېپىلغان يەرگە يېقىن بىر جايدىن تېپىلغان.

بىلگە خاقان مەڭگۈتېشى كۆلتېكىن مەڭگۈتېشى قۇيۇلۇپ 2 يىلدىن كېيىن يەنى 734 ـ يىلى بىلگە خاقان ۋاپات بولغاندا ياسالغان. بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشىغا قەدىمكى تۈرك (رۇنىك) يېزىقىدا 80 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ مەزمۇنى ئاساسەن دېگۈدەك بىلگە قاغاننىڭ شەرقىي تۈرك ئىمپېرىيىسگە قوشقان تۆھپىلىرىگە مەدھىيىلەر ئوقۇلغان.

**بىلگە قاغان مەڭگۈتېشىغا ئويۇلغان تېكىستلەردىن ئۈزۈندە:**

(قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا بىلگە قاغان ئىسمىنىڭ يېزىلىشى: 𐰋𐰃𐰠𐰏𐰀 𐰴𐰍𐰣)

"تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە خاقان مېنىڭ سۆزۈم. ئاتام تۈرك بىلگە ...... خاقان...تى سىر، توققۇز ئوغۇز، ئىككى ئەدىز مەشھۇر بەگلىرى ۋە خەلقى...تۈرك تەڭرىسى...ئۈستىدە مەن خاقان بولۇپ ئۆلتۈردۈم، مەن تەختكە ئولتۇرغىنىمدا ، ئۆلگۈدەك ھەسرەتتە قالغان تۈرۈك بەگلىرى ۋە خەلقى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ جانسىز كۆزلىرىگە جان كىردى. ئۆزۈم تەختكە ئولتۇرۇپ تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم قانۇن تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ بەردىم...

تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇردۇم. (ئۇلارنى) دۈشمەنسىز قىلدىم...ئون يەتتە يېشىمدا تاڭغۇتقا قوشۇن ئەۋەتتىم، تاڭغۇت خەلقىنى تارمار قىلدىم. (ئۇلارنىڭ) ئوغۇل قىزلىرىنى ۋە مال مۈلكىنى قولغا چۈشۈردۈم. ئون سەككىز يېشىمدا ئالتە چۆپ سوغداققا قوشۇن ئەۋەتتىم، سوغداق خەلقىنى تارمار قىلدىم، تابغاچتىن (خىتايدىن) ۋاڭ تۇتۇق بەش تۈمەن ئەسكەر (باشلاپ) كەلدى، مەن تاماغ ئىدۇق دېگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم. ئۇ قوشۇننى شۇ يەردە يوقاتتىم. يىگىرمە يېشىمدا ، باسمىل ئىدىقۇت ئۆز ئۇرغۇمىزدىكى خەلق ئىدى. ئۇلار تارتۇقلارنى ئەۋەتمىدى دەپ ئۇلارغا يۈرۈش قىلدىم. (ئۇلارنى) بويسۇندۇردۇم، نۇرغۇنلىغان (ئولجىلارنى) ئۆيگە كەلتۈردۈم.

يىگىرمە ئىككى يېشىمدا تابغاچقا (خىتايغا) يۈرۈش قىلدىم. چاچا جاڭجۇننىڭ سەككىز تۈمەن لەشكىرى بىلەن سوقۇشتۇم. قوشۇننى شۇ يەردە ئۆلتۈردۈم. يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىمدا چىك خەلقى قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە (بىزگە) دۈشمەن بولدى. كەم دەرياسىدىن ئۆتۈپ چېرىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. ئورپەندە سوقۇشتۇم. قوشۇننى نەيزىلىدىم. ئاز خەلقىنى قولغا چۈشۈردۈم...ئوتتۇز يېشىمدا بەشبالىققا (بۇگۈنكى جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە) يۈرۈش قىلدىم. ئالتە قېتىم ئۇرۇشتۇم...قوشۇننى پۈتۈنلەي ئۆلتۈردۈم. شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ئادەملەر يوقىلاتتى (لېكىن) ئۇلار بىزنى تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بەشبالىق (ۋەيرانچىلىقتىن) ساقلىنىپ قالدى...

ئوتتۇز ئىككى يېشىمدا قارلۇق خەلقى (يىغىلىپ بىزگە قارشى تۇردى) مەن ئۇلارنى .... ئۆلتۈردۈم. توققۇز ئوغۇزلار مېنىڭ خەلقىم ئىدى. جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ۋە ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن بىزگە دۈشمەن بولدى. بىر يىل ئىچىدە تۆت قېتىم سوقۇشتۇم. دەسلەپتە توغۇ بالىقتا سوقۇشتۇم. (قوشۇنۇم) توغلا دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئۇلارنىڭ قوشۇننى يوقاتتى...

قوشۇننى مەغلۇپ قىلدىم. بوي سۇنغانلىرى بوي سۇندى، (مېنىڭ) خەلقىم بولدى ..... ئۆلگەنلىرى ئۆلدى. سېلىنگا دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلەپ مېڭىپ، قاراغىن دېگەن قىساغدا ئۆيۋاقىنى بۇزدۇم... ئۇلار تاققا چىقىۋالدى. ئۇيغۇر ئىلتەبەر يۈزچە ئەر بىلەن

*شەرققە قېچىپ كەتتى...تۈرك خەلقى ئاچ ئىدى. مەن ئۆلارنىڭ يىلقىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ تۈرك خەلقىنى باقتىم...".*[37]

## مويۇنچۇر مەڭگۈتېشىغا ئويۇلغان تېكىستلەردىن ئۈزۈندە:

مويۇنچۇر مەڭگۈتېشىنى 1909 ـ يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستەد (گ.ج.رامستەدت) موڭغۇلىيىنىڭ سېلىنگا دەرياسى ۋە شىنە ئۇسۇ كۆلى ئەتراپىدىن تاپقان. بۇ مەڭگۈتاش تەخمىنەن مىلادىنىڭ 759 ـ يىلى تىكلەنگەن. مويۇنچۇر مەڭگۈتېشىغا[38] قەدىمكى تۈرك (رۇنىك) يېزىقىدا جەمئىي 49 ـ قۇر خەت ئويۇلغان.




تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە بويۇنچۇر قاغان ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى قۇتلۇق بىلگە قاغانىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئاتىسى بىلەن بىللە كۆك تۈرك قاغانلىقىغا قارشى ھەربىي يۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئورخۇن ۋادىسىدا 744 ـ يىلى ئۇيغۇر دۆلىتىنى قۇرۇپ ئوردۇ بالىقنى پايتەخت قىلغانلىقى، مىلادى 747 ـ يىلىدىن 759 ـ يىلىغىچە مويۇنچۇر قاغانىنىڭ ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ قاغانى ۋە ئۇنىڭغا "ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان"، "ئاي تەڭرىدە قۇت بولمىش" دېگەن ناملارنىڭ بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.[39] بۇ مەڭگۈتاش تېكىستى ئۆز زامانىسىدا ئورخۇن ۋادىسىدا

قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ تارىخى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يەردە ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى ئالدىدىن ۋاقىپلاندۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇمكى ئەتىكى پىلانلانغان سەپىرىمىزدە بىز ئورخۇن ۋادىسىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىلىق (قارابالاساغۇن) شەھەر خارابىلىرىنى زىيارەت قىلىمىز ۋە شۇ ۋەجىدىن ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئەينى زاماندا قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تارىخي جەريانلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ئىستىكىدە (گەرچە تولىمۇ ئەپسۇس بىز بايانچۇر مەڭگۈتېشىنى زىيارەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىغان بولساقمۇ) بۇ مەڭگۈتاشقا ئويۇلغان تېكىستلەردىن بىر پاراگرافىنى دىققىتىڭىزلارغا سۇندۇم:

*"تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان......تولىس....ئۆتۈكەن ئەتراپى ئېلى ..... ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرىدىكەن، سۈيى سېلىنگا (دەرياسى) ئىكەن. ئۇ يەردە ئېلى.....ئەركىن ياشايدىكەن...سۇ....ئۇ يەردە قالغان خەلق ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇرۇپ.....ئورخۇن دەرياسى .....تۈرك قىپچاق (خەلقى ئۈستىدە) ئەللىك يىل ئولتۇرغانىكەن.*




*ئۇ چاغدا بويلا......يەنە چۈشتى. توققۇز ئوغۇز خەلقىمنى تېرىپ يىغىپ ئالدىم. ئاتام كۆل بىلگە قاغان....قوشۇن ئەۋەتتى. مېنى مىڭ بېشى قىلىپ ئەۋەتتى، ئالدى (شەرق) تەرەپكە بېرىپ، كەيرە (يەر نامى) نىڭ شەرقىدىن يانغۇچى......بويسۇندۇرۇپ، يەنە*

*يۇرۇش قىلدىم. كەيرە بېشىدا ۋە ئۈچ بەركۈن دېگەن (يەردە) خان قوشۇنى بىلەن قوشۇلدۇم. ئۇ يەر...قوغلىدىم. قارا قۇمدىن ئۆتۈپ، كوگۇردە، كومۇت تاغدا، يار دەرياسىدا، ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى....ئۆزمىش تېكىن خان بوپتۇ. قوي يىلى (743 - يىل) دا مەن يۇرۇش قىلدىم. ئىككىنچى قېتىمقى ئۇرۇشنى بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى (كۈنى) قىلدىم... ئۆزمىش تېكىننى... تۇتتۇم؛ خانىشنى ئۇ يەردە قولغا چۈشۈردۈم. تۈرك خەلقى شۇندىن ئېتىبارەن يوقالدى..."* .[40]

تاكى بۈگۈنگىچە موڭغۇلىيىدە تېپىلغان قەدىمكى تۈرك (رۇنىك ئورخۇن) يېزىقىدا يېزىپ قالدۇرۇلغان تاش ئابىدىلەردىن **چورىن مەڭگۈتېشى** (ئۇلانباتورنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چورىن دېگەن جايدىن 1971 - يىلى تېپىلغان، 686 - 687 - يىللىرى ئورنىتىلغان)؛ **تۇيۇنقۇق مەڭگۈتېشى** (ئۇلانباتوردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بايىن چوقتۇ دېگەن جايدىن 1897 - يىلى تېپىلغان،مىلادي 716 - يىلى ئورنىتىلغان)؛ **مويۇنچىر مەڭگۈتېشى 1** (موڭغۇلىيىنىڭ سېلىنگا دەرياسى بىلەن شىنە ئوسۇ كۆلى ئارىلىقىدىن تېپىلغان، 759 - يىلى ئورنىتىلغان)؛ **مويۇنچىر مەڭگۈتېشى 2** (موڭغۇلىيىنىڭ تالىياتتى دېگەن يېرىدىن تېپىلغان)؛ **توققۇز ئۇيغۇر خاقان مەڭگۈتېشى** (ئورخۇن دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قارابالاساغۇن (ئوردۇ بالىق) دىن 1890 - يىلى تېپىلغان)؛ **سۇجى مەڭگۈتاشلىرى** (موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىدىكى سۇجى داۋان يېنىدىن بىر نەچچە مەڭگۈتاشلار 1909 - يىلى تېپىلغان.)

موڭغۇلىيىدە تېپىلغان تۈرك مەڭگۈتاشلار ئورنىنىڭ تارقاق بولۇشى ۋە بۇ نۆۋەت موڭغۇلىيىگە قىلغان سەپىرىمىز پائالىيەتلىرىنىڭ زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى سەۋەبلىك تولىمۇ ئەپسۇس ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ھەممە مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىنى تاۋاپ قىلىشقا مۇيەسسەر بولالمىدۇق.

بىز ناھايىتى قىزىقىش ۋە ھاياجانلىق كەيپىياتلار ئىچىدە ئاۋۋال كھۆشۆۋ تسايدام مۇزېيى ئىچىگە قويۇلغان راست كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈتاشلىرىنى ۋە باشقا تارىخىي يادىكارلىقلارنى زىيارەت قىلىپ تۆگەتكەندىن كېيىن بۇ مەڭگۈتاشلارنىڭ ئەسلى ئورنىغا بېرىپ بۇ يەردە بار بولغان تەبىئىي تارىخىي كۆرۈنۈشنى ساقلاپ قېلىش مەقسىتىدە يېڭىدىن تەقلىد قىلىنىپ ياسالغان كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرىنى ۋە تاش پاقا ھەيكەللىرىنى كۆردۇق. بۇ تۈركلەرنىڭ بۆشۈك يېرىدە غۇلىچىمىزنى بولۇشىغىچە تاشلاپ يېتىپ تۇپراقنى سۆيدۇق... تۈرك مىللەتلىرىگە بولۇپمۇ ئۇيغۇرغا بولغان تىلەكلىرىمىزنى، سۆيگۈمىزنى ئىزھار قىلدۇق. تارىخىمىزنىڭ يەككە شاھىتى بولغان بۇ تۇپراقلاردىن ئايرىلىشقا كۆزىمىز قىيمىدى ئەمما كۆپىنچىمىز ئەجدادلىرىمىز ياشىغان تۇپراقلارنىڭ تېشى دەپ تۇتىيادىن ئەۋزەل كۆرۈپ بىر ئىككى تالدىن يانچۇقلىرىمىزغا سېلىۋالدۇق!

ئەجدادلار قالدۇرغان تارىخىي ئىزلارنى كۆرۈپ غورۇرلىرىمىز ئېتىخارلانماقتا، يۈرەكلىرىمىز قاتتىق سوقماقتا، قانلىرىمىز قىزىماقتا، نادامەتلىك پىغانلىرىمىز ۋىجدانىمىزنى

تىلغىماقتا... بۇ مىنۇتلاردا يايلاقنى بېشىغا كىيىپ توختىماي غۇيۇلداپ كېلىۋاتقان سوغۇق شامالنىڭ تەلۋە يامغۇرلار يۈز كۆزلىرىمىزگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ بىزگە ئۆزىنىڭ ھېچ بىر تەسىرىنى ئۆتكۈزەلمەيۋاتاتتى... بۇ يەردە بىر ھەقىقەتنى ئېيتىشقا مەجبۇرمىزكى بۇ مەڭگۈتاشلارغا كېيىنكى تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئىبرەتى ئۈچۈن تەخمىنەن بۈنىڭدىن 1300 يىللار ئىلگىرى "تىلى يۇمشاق، تاۋارلىرى ئېسىل، سوۋغىلىرى ياخشى، ھىيلە مىكىرلىرى رەزىل خىتايىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئۇلارغا ئالدانماڭلار" دەپ چاقىرىق قىلىپ تاشلارغا پۈتۈكلەر پۈتۈلگەن بولسىمۇ ۋەھالەنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلار يەنە ئاشۇ خىتاي ئاسارىتىدە ئەجدادلارنىڭ ئىبرەتلىرىدىن تولۇق ئىبرەت ئالالمىغانمۇ ۋەياكى "كەلمىگەن تەلەيدە ئانىسىنىڭ ھەققى بارمۇ؟" دېگەندەك ئىشقىلىپ تۈرك دۇنياسىنىڭ بىردىن بىر يارىسى قاتارىدا 21 ئەسىردە مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇش ياكى يوقىلىشتەك تارىختىكى ئەڭ قاباھەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە...

بىز ئاخىر 2 سائەت ئەتراپىدا داۋام قىلغان كھوشوو تساىدام مۇزېيىدىكى زىيارىتىمىزنى تاماملاپ، بۇ يەردىن ئانچە ئۇزاقتا بولمىغان بۈگۈن ئاخشام بىز تۈنەيدىغان كىگىز ئۆيلەر خوشۇ سايدام ئارامگاھىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتۇق.

## خوشۇ سايدام ئارامگاھىدا ئۆتكۈزگەن يامغۇرلۇق كېچە

## شېھىتلەر روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىش

ئارامگاھقا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن كەچتە ھەممىمىز ئارامگاھ رېستورانىغا يىغىلىپ "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرىنىڭ 3 نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى" يىغىنىنىڭ يىغىن پروگراممىلىرىنى ئىجرا قىلىشنى داۋاملاشتۇردۇق.

بۈگۈنكى يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن ۋاققاس مەمەدىنوۋ، رابىت ئىسمايىلوۋ، ئابدۇرېشىت كېرىم ھاجى، سۆيۈنگۈل خانىم ۋە دولقۇن قەمبىرى قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىزنىڭ مەسلىھەتى بويىچە 2009 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە يۈزبەرگەن "5 ئىيۇل قانلىق ۋەقەسى" گە ئىككى يىل تولغان بۈگۈنكى كۈندە شۇ ۋاقىئەدە شېھىت بولغانلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر قىلىش ۋە ئۇلارنى ياد ئېتىش تەشەببۇسى بىلەن ئارامگاھىمىزغا يېقىن يەردىن بىر قوي سېتىۋېلىپ ئۆز قولىمىز بىلەن بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلدۇق.

"5 - ئىيۇل ۋەقەسى" نىڭ ئىككى يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلىنىپ باشلانغان بۇ يىغىندا تۇنجى بولۇپ خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ مەسلىھەتچىسى، ئارخېئولوگ، تىلشۇناس دوكتور دولقۇن قەمبىرى ئەپەندى "ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخى تەرەققىياتى"

توغرىسىدا تەييارلىغان ئىلمىي ماقالىسىنى كۆپچىلىككە تەقدىم قىلدى .

دوكتور دولقۇن قەمبىرى يىغىن ئەھلىگە ئۇيغۇر تىل يېزىقىنىڭ تارىخىي جەريانلىرىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

*"گەرچە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى يوقالغان بولسىمۇ ئەمما ئۇيغۇرلار ياراتقان مەدەنىيەت يوقالمىدى بەلكىم ئىمپېرىيە ۋە خانلىقلار دەۋرلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىدى. تەبىئىيكى مۇنداق بولۇشىدا مەدەنىيەتنىڭ جان تومۇرى بولغان تىل يېزىقنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدە ئوينىغان ئاچقۇچلۇق رولىدۇر.*



*بۇ نۇقتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلىپ ياشىغان ئۇزاق تارىخىي مۇساپىسىدە دۇنيا مەدەنىيىتىگە جۈملىدىن ئاسىيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئالەمشۇمۇل تۆھپىلىرى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. ئاددىيسى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ياشاپ كېلىۋاتقان جۇغراپىيىلىك ئورنىغا نەزەر سالساق دۇنيادا ھېچ بىر مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ 10 دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن چېگرىلىنىدىغان ۋە ھەممە مەدەنىيەتلەر ئۆز ئارا ئۇچرىشىدىغان مۇنداق بىر دۆلەت (رايون) دا ياشىغان خەلقلەرنى تاپالمايمىز. 11 مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار ياشاۋاتقان ۋە بۈگۈنكى كۈندە خىتاي دۆلىتى ئاتالمىش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون دەپ نام بېرىپ ئۆزىنىڭ "ئايرىلماس بىر قىسمى" دەپ جار سېلىۋاتقان بۇ زېمىنلاردا ئۇيغۇرلار مىلادى 742 - يىلىدىن 848 - يىلغا قەدەر ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنى، مىلادى 1335 - يىلىغا قەدەر مۇستەقىل دۆلەت ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ 5 قىزىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت پادىشاھىغا ھەدىيە قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بولۇنۇپ 10 - ئەسىردىن باشلاپ قەشقەرنى مەركەز قىلىپ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىدارە قىلغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغانلىقىنى ۋە 15 - ئەسىردە يەنى چاغاتاي دەۋرىدە بولسا ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياركەنتنى مەركەز قىلغان چاغاتاي سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ رەسمىي دۆلەت تىلى قىلىنىپ قوللىنىلغانلىقىنى تارىخىي پاكىتلار دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. مانا ئۇيغۇرلارغا تەۋە بۇ زېمىنىنىڭ تەقدىرى 20 -*

ئەسرگە كەلگەندە ئۇيغۇرلارنىڭ قاتنىشىسىز ئامېرىكا، ئەنگلىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خىتاي دۆلەتلىرىنىڭ يالتادا چاقىرغان 2 - قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى دۇنيانىڭ سىياسىي خەرىتىسىنى قايتىدىن سىزىپ چىقىش يىغىنىدا خىتاي كوممۇنىستلىرىغا مەجبۇرى تەۋە قىلىندى.

ئۇيغۇر تىلى ئورال ئالتاي تىللىرى گورۇپپىسىنىڭ ئىككى چوڭ تارمىقىدىن بىرى بولغان شەرقىي تۈرك تىللىرى تارمىقىغا تەۋە. ئۇيغۇر تىل يېزىقى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن باشلاپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىگىچە ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن تاكى چاغاتاي سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقلىرىغىچە دۆلەت تىل يېزىقى سۈپىتىدە كەڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشايدىغان بارلىق تۈركىي مىللەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىپ كەلگەن تىل ۋە يېزىقتۇر.

بۈگۈنكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىل ۋە يېزىقىدا كۆرۈنەرلىك پەرق ياكى دىئالېكتىكىلارنىڭ پەيدا بۆلىشى بولسا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ياشىغان جۇغراپىيىلىك ئورنىنىڭ ناھايىتى كەڭ بۆلىشى ۋە ئۇزۇن يىللار بىر بىرلىرىدىن ئايرىلىپ ياشاشتەك تەبىئىي يايلاق مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، قىسقىسى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئېتنىك تارىخىي تەرەققىياتى بىر ئۇرۇقتىن كۆپىيىپ كوپ ئۇرۇقفا تارقىلىشتەك جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ يەنى تۈركىي مىللەتلەر بىر مەنبەلىك ئېتنىك كېلىپ چىقىشتىن تەدرىجىي پارچىلىنىپ ھازىرغا قەدەر بۆلۈنۈپ 23 ئېتنىك تۈركىي مىللەتلىرى بولۇپ شەكىللەندى. ئەمما بىز خىتاي خەن مىللىتىنىڭ مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تەرەققىياتىغا دىققەت قىلساق ئۇلار نۇرغۇنلىغان بىر بىرلىرىگە ئوخشىمىغان ئېتنىك قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەردىن تەدرىجىي يىمىرىلىپ ياكى ئۆز ئارا ئاسسىمىلياتسىيە قىلىنىپ بىر خەن ئېتنىك مىللىتىگە ئۇيۇشۇشتەك يۆلىنىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ.

دېمەك بىر مىللەتنىڭ تىلى شۇ مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ۋە مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ، كېلەچەك ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزۈشنىڭ بىردىن بىر شەرتىدۇر!

قىسقىسى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىل يېزىقىدا ئەركىن يېزىشى ۋە ئەركىن پىكىر قىلىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىلىشى ۋە خەلقئارالىق قانۇنلار ئارقىلىق قوغلىنىشى كېرەك چۈنكى بۈگۈنگىچە دۇنيادا بار بولغان ۋە جانلىق قوللىنىۋاتقان تىل ۋە يېزىق ئۆز نۆۋىتىدە پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان مەدەنىيەت مىراسى ۋە ھەققىدۇر. بىز دەۋرىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھوقۇقلۇق ئورنى بولغان بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆز تىل يېزىقىنى قوللىنىش ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشىنى، بۇ ھوقۇقنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش دەرىجىسىدە تەڭ مۇئامىلە قىلىنىپ قوغدىلىشىنى ۋە بۇ ھەقتە مەخسۇس قانۇن لايىھىسىنىڭ ماقۇللىنىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈردۇر".

دوكتور دولقۇن قەمبىرى ئەپەندىنىڭ يىغىن ئەھلىگە تەقدىم قىلغان ماقالىسى قىزغىن ئالقىش  سادالار بىلەن قارشى ئېلىنغاندىن كېيىن بۈگۈنكى يىغىننىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولغان ئورال  ئالتاي قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىگە ۋاكالىتەن ھەر قايسى قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىدىن كەلگەن يازغۇچى  شائىرلارنىڭ مۇشائىرە سورۇنى باشلاندى. يىغىن ئەھلىگە ئۆتكۈر شېئىرى ئىجادىيەتلىرى بىلەن قازاقىستاندا يېڭىدىن تونۇلغان "ئويغان قەلبىم" ، ۋە "ھاياتقا مۇھەببەت" ناملىق شېئىرلار توپلاملىرىنىڭ مۇئەللىپى بولغان 21 ياشلىق مولۇتجان توختاخۇن ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندى. ئۇ بۈگۈنكى "5 ـ ئىيۇل ۋەقەسى" نىڭ ئىككى يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلاپ تۆۋەندىكى شئېرىنى ئوقۇدى:

## ۋەتەن ئۈچۈن

(2009  ـ يىلى 5  ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى تىنچلىق نامايىشىدا شېھىت بولغان قېرىنداشلارغا مەرسىيە)




كۆڭلۈڭ تەشنا ئازادلىققا، ئەركىنلىككە،
چىدىمىغاچ ۋىجدان ئەزگەن بۇ چەكلىككە.
جان قىينالغاچ زوراۋانلىق ھەم يەكلىككە،
باش كۆتەردىڭ ئادىمىلىك ھوقۇق ئۈچۈن!

بۆشۈكتىكى بالامنىڭ جان ئارامى دەپ،
بۇ تەڭسىزلىك ئەزىز جاننىڭ خارابى دەپ.
ھەسرەتلىك ياش ئازابىمنىڭ داۋاسى دەپ،
جاندىن كەچتىڭ شور پېشانە خەلقىڭ ئۈچۈن!

چارلاپ كەتتى نىدا زارىڭ كەڭ ئالەمگە،
چىدالمىدى خەستە كۆڭلۈم دەرد  ئەلەمگە.
ھەق بولغاچ ئېيتقان سۆزۈڭ ھەر قەدەمدە،
تۆۋلاپ چىقتىڭ ئەركىن ياشاش ھەققىڭ ئۈچۈن!

كۈلەي دەپ ئۆزگىلەردەك چىن دىلىڭدىن،
ئايرىلماسقا ئەزىز ئۇلۇغ ئۆز تىلىڭدىن.
زور ئۈمۈت كۈتكەچ سەنمۇ ھور ئېلىڭدىن،
كۆرەش قىلدىڭ ئەركىن ياشاش ھەققىڭ ئۈچۈن!

ئاۋاز قوشتۇم ئازاب ئىچرە خەلقىم ئۈچۈن،
تەۋرەنمەستىن مەڭگۈ ياشاش تەختىم ئۈچۈن.
شۇ ئۇلۇغۋار ئەزىز خەلقىم پەرزىم ئۈچۈن،
كۆرەش پۈتمەس ئەركىن ئازاد ۋەتەن ئۈچۈن!

ياش شائىرىمىز مولۇتجان توختاخۇندىن كېيىن نۆۋەت بىلەن سەھنىگە چىققان، تۈركىيە قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، شائىر ھالىل ئىبراھىم ئۆزچان، ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىدىن ئازىز ئىسا، ئوتتۇرا ئاسىيا قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى شائىر، كىنو رېژىسسورى دالمىرە تىلەپبەرگەنوۋا، ئېستونىيە قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى كېتلىن كالدمائا، كورېيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى لە گىل ۋون قاتارلىقلار يىغىن قاتناشقۇچىلارغا ئۆز شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرنىڭ يۇرىكىدە زادىلا ئۇنتۇلمايدىغان 5 - ئىيۇلدىن ئىبارەت بۇ كۈننى سەھەردىن تارتىپ تاكى كېچىگىچە توختىماي ياغقان خۇددى ئۇيغۇرنىڭ كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ئاچچىق ۋە ئازابلىق ياشلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان موگۇل يايلاقلىرىدا ئاز كۆرۈلىدىغان يامغۇرلارغا ھەمراھ بولۇپ ئورخۇن دەرياسى بويلىرىنى بويلاپ ئەجدادلىرىمىز ياشىغان ئەزىزانە تۇپراقلارنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئاتا بوۋىلىرىمىز ياراتقان سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشىمىزنى ياد ئېتىش، بۈگۈنكى ئېچىنىشلىق تەقدىرىمىز ئۈستىدە قايتىدىن چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە بۇ ھەقتە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈش قاتارلىق كوپ خىل مەزمۇنلارغا ئىگە پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشلار بىلەن تاماملىدۇق.

## 2011 - يىلى 6 - ئىيۇن

## كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسى مازارلىقىغا زىيارەت

بىر كېچە كۈندۈز داۋام قىلغان توختىماي تۆكۈلگەن جۇدۇنلۇق يامغۇردىن كېيىن ئىيۇل ئېيىدا سالقىنلىقتا مايىل موگۇل يايلاقلىرىنىڭ كۆك ئاسمىدا كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۆزىنىڭ ئىللىق ئاپتاپلىرىنى زېمىن يۈزىگە قايتىدىن توككەن، جاننى راھەتلەندۈرىدىغان غۇر غۇر شاماللار يۈزلىرىمىزنى سىلاپ ئۆتۈپ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىنى بىزگە يەنە بىر نۆۋەت ھېس قىلدۇرۇۋاتقان ساپ ھاۋالىق سەھەردە بىز كەڭشۆۋ تىساىدام ئارامگاھىدىكى بىزنى كۈتۈۋالغان خىزمەتچىلەرگە مىنەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ سەپىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدىكى پائالىيەتلەرنى باشلاش ئۈچۈن ئاپتوبۇس بىلەن يۈرۈپ كەتتۇق.

بۈگۈنكى سەپەر پىلانىمىزنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى كەڭشۆۋ تىساىدام تۈرك مەدەنىيەت ئىزلىرى مۇزېيى يەنى كۆلتېكىن بىلەن بىلگە قاغان مەڭگۈتاشلىرى ئورنىتىلغان جايدىن 19 كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى غەربىي جەنۇپ تەرەپتە ئۆتۈكەن تاغلىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان تاغ باغرىدىكى ئېگىزلىكتە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن پايتەخت قىلىپ ياسالغان تۈرك مىللەتلىرىنىڭ تارىخىدىكى تۇنجى شەھرى ئوردۇ بالىق (قارابالاساغۇن) شەھەر خارابىلىرىنى زىيارەت قىلىش بولۇپ، ئوردۇ بالىق شەھرى بىلەن كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈتاشلىرى ئورنىتىلغان يەرلەرنى ئورخۇن دەرياسى ئايرىپ تۇرىدىغانلىقى ۋە بۇ يەردە ئوردۇ بالىق شەھەر خارابىسىگە بىۋاستە بارىدىغان يول

ياكى ئورخۇن دەرياسىدىن ئۆتىدىغان كۆۋرۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن بىزنىڭ يەنە قاراقۇرۇم شەھىرىگە تۈركىيە ياساپ بەرگەن تاش يول ئارقىلىق قايتا بېرىپ، ئۇ يەردىن ئورخۇن دەرياسىغا سېلىنغان كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدىكەن.

ساياھەت يېتەكچىمىزنىڭ بىزگە بىلدۈرۈشىچە بىز ئاۋۋال كەۆشۆۋ تسايدام ئارامگاھىدىن ئانچە يىراقلىقتا بولمىغان شەرقىي شىمال يۆلىنىش تەرەپتىكى تاش ئېدىرلىق ئېگىزلىككە بېرىپ ئۇ يەردىكى كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەربىي ئىنشائاتلىرىنى يەنى يېقىنقى مەزگىللەردە ئارخېئولوگلار تەرىپىدىن بايقالغان يەر ئاستى يوللارنى ۋە باشقا تارىخىي ئىزلارنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن ئورخۇن دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئوردۇ بالىق شەھەر خارابىسىنى زىيارەت قىلىدىكەنمىز.

ئاپتوبۇس بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن ئېگىزلىككە ھالسىراپ ئىلگىرىلىمەكتە. كۆزىمىز ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن تەبىئەت ئىلاھى سېخىيلىق بىلەن ئاتا قىلغان ئورخۇن ۋادىسىنىڭ گۈزەللىكىگە ھەۋەس بىلەن تىكىلمەكتە.

كۆز يەتكۈسىز يىراقلىقتا غۇۋالىق ئىچىدە تۇمان قاپلىغان تاغلار، تاغ باغرىلىردا تارقاق ئاق چېكىت چوڭلۇقىدا كۆرۈنۈۋاتقان كىگىز ئۆيلەر، كۆك ئاسماندا تەبىئەتنىڭ مەۋھۇم سىرلىرىنى نامايان قىلىۋاتقان شەيتان بۇلۇتلار، ئەگرى توقاي ئېقىن ئىزلىرىنى قالدۇرۇپ ئاققان ئورخۇن دەرياسى بويلىرىنى بويلاپ ئۆسكەن پاكار پاكار ئورمانلار سىزگە خۇددى دۇنيادا ئەڭ ئۇستا رەسسام سىزغان بىر پارچە رەسىمدەك كۆرۈنىدىغان بىر مەنزىرىنى كۆز ئالدىڭىزدا نامايان قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ سۈيى ئۇلۇغ، چۆپلىرى بۇلۇق، تەبىئەت ئۆزىنىڭ ھەممە گۈزەللىك ۋە بايلىقلىرىنى سېخىيلىق بىلەن تۆكۈۋەتكەن بۇ باياشات زېمىندا دۆلەتلەر قۇرۇپ ئەسىرلەر ياشىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشىمىز ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك.!

بىز ئېگىزلىككە چىقتۇق. غۇر غۇر شاماللار يۈزلىرىمىزنى خۇددى بىزنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك سىلىق سۆيۈپ ئۆتمەكتە. بۇ يەر يەرلىك موڭغۇل بۇددىستلار تەرىپىدىن “ئۇلۇغلار مازارگاھى” دەپ قارىلىپ، بىر تاش تۆپىلىكنىڭ ئۈستىگە تاش پارچىلىرى توپلانغان بولۇپ، ھەرخىل ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈز ۋە باش سۆڭەكلىرى ئۇلۇغلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ھەدىيە قىلىنغان، ئالا بۇلا لاتىلار چىگىلگەن قاغجىراپ كەتكەن شاخ شۇمبىلار خۇددى ئەينى دەۋردىكى تۇغلاردەك ھەيۋەت بىلەن لەپىلدىمەكتە...

سایاھەت یېتەکچىمىز بىزگە چۈشەندۈرۈپ، ئارخېئولوگلارنىڭ بایقىشىچە كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈتاشلىرى قویۇلغان جایدىن بۇ یەرگىچە بولغان ئارىلىقتا یەر ئاستى یولى یاسالغانلىقى، بۇ بىز تۇرغان ئېگىزلىك دەل یەر ئاستى یولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ، كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغاننىڭ جەستى بۇ یەرگە خۇپپیانە ھالدا نەچچە یۈزلىگەن ئەسكەرلەر بىلەن بىللە دەپنە قىلىنغانلىقىنى، 2008 - یىلى قازاقىستان دۆلەت رەئىسى نۇرسۇلتان نەزەربایېۋنىڭ ئالایىتەن بۇ یەرلەرنى زىیارەت قىلغانلىقىنى ۋە بۇ جایلاردىكى تارىخىي ئىزلارنى قوغداش ئۈچۈن قازاقىستان دۆلىتى یاردەم قىلغانلىقىنى بایان قىلدى.




## ئورخۇن دەریاسىنىڭ سۈیىنى ئىچىش

بىز كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغانلار دەپنە قىلىنغان دەپ قارالغان كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ تاغ ئۈستىدىكى تارىخىي ئىزنالىرىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېیىن یېرىم سائەتتەك یول یۈرۈپ قاراقۇرۇم شەھىرىنى ئایلىنىپ ئۆتۈپ بىز تەشنالىق بىلەن كۈتكەن ئورخۇن دەریاسى كۆۋرۈكىگە یېتىپ كەلدۇق.

ئورخۇن دەریاسى موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۆۋۆركھاڭا ئايمىقى (ئۆلكىسى) گە تەۋە بولغان خاڭاي تاغلىرى (تارىختىكى ئۆتۈكەن تاغلىرى) دىن باشلىنىپ شىمالغا قاراپ ئېقىپ تۇۇل دەریاسىنى ئۆزىگە قوشۇۋالغاندىن كېیىن سېلىنگا دەریاسىغا قوشۇلىدۇ يەنە داۋاملىق شىمالغا قاراپ ئېقىپ ئەڭ ئاخىرىدا بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ ۋە بايقال كۆلىدىن

يەنە داۋاملىق شىمالغا قاراپ ئېقىپ رۇسىيە تەۋەسىدە ئاگارا دەرياسىغا ئايلىنىپ ئەڭ ئاخىرى شىمالىي مۇز ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ[41].

بىز ئورخۇن دەرياسىنىڭ دەريا قېتىدا تۇرۇپ باغرىمىزنى بۇ ئانا دەرياغا يېقىپ تۇرۇپ چاڭقىغان يۈكىمىز قانغۇدەك سۇ ئىچتۇق ياق زەمزەم ئىچتۇق. قولىمىزدا ئۇچلاپ سۇلارنى ئېلىپ يۈزىمىزگە سۈرۈتتۇق.

دەريا باغرىنى قۇچاقلاپ يېتىپ يۈزلىرىمىزنى دەريا سۈيىگە يېقىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھلىرى بىلەن دىدارلاشتۇق... بىباھا دەريا قاشلىرىدىكى تاشلارنى ئالىقانلىرىمىز بىلەن سىلىدۇق، سۆيدۇق... چۈنكى بۇ دەريا ئوغۇزخان رىۋايەتلىرىدىن باشلاپ مىللىتىمىز مىللەت بولۇپ، خەلقىمىز ئۇيغۇر ئېلىنى قۇرۇپ سەلتەنەت سۈرگەن زامانلاردىن تارتىپ ۋەياكى بالايىئاپەتلەرگە مۈپتىلا بولۇپ ياۋلارنىڭ پاراكەندىلىككە دۇچار بولغان ئاھۇ زارلىق زامانلاردا بولسۇن ئۇزاق تارىخىي ئۆتمۈشلەردىن بۇيان ئۇيغۇرنىڭ ھايات تومۇرىدا قان بولۇپ ئاققان، تەقدىر تىلەك ۋە ئىستەكلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان، تارىخنىڭ ئۆچمەس ئىزلىرىنى قالدۇرغان ئاسمان تەڭرى ۋە زېمىن ئانا تەقدىم قىلغان ئەزىم دەريادۇر!



# ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىق (قارابالاساغۇن) شەھەر خارابىسىنى زىيارەت قىلىش

بىزنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوبۇس ئورخۇن دەرياسى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ غەربىي جەنۇب يۆلىنىشكە قاراپ بىر سائەتكە يېقىن ماڭغاندىن كېيىن ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىق شەھەر خارابىسىدىن ئانچە يىراقتا بولمىغان بىر دادىلىق تاغ باغرىغا كېلىپ توختىدى. بۇ يەردە يېڭىدىن ئىككى ئۈچ كىگىز ئوي ياسالغان ۋە بىر يۈك ئاپتوموبىلى توختىتىلىپ قويۇلغان بولۇپ، بىرقانچە موڭغۇللاردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا ئارخېئولوگلار دۆڭلۈك ئۇستىدىن ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىگە ئائىت بولغان بىر قەبرىستانلىقنى قىدىرىپ تەكشۈرۈۋاتقان ئىكەن[42].



بىز ئۇلارنىڭ چاسلاپ، مېترلاپ، سانتىمېترلاپ يەر قەۋەتلىرىنى ئۆلچەپ، يەر يۈزىدىن چىققان ھەر بىر نەرسىلەرنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۈپۈرۈپ ئېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرغاندىن كېيىن بۇ قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان موڭغۇلىيە دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئارخېئولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئارخېئولوگى، دوكتور زاگد باتسايكهان ئەپەندى بىزگە ئۆزىنىڭ بۇ يەرلەردە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلىرىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

*"بۇ قارابالاساغۇن شەھىرىنىڭ ئەتراپلىرىدا نۇرغۇنلىغان قېزىلمىغان تارىخي جايلار بار. بىز ھازىر قىزىۋاتقان بۇ يەردىن بىر قانچە باللارنىڭ سۆڭەكلىرىنى ۋە قەبرە ئىچىگە قويۇلغان بۇيۇملارنى تاپتۇق..."* .

كېيىن ساياھەت يېتەكچىمىز بىزگە بىز تۇرۇۋاتقان يەردىن قارابالاساغۇن شەھەر خارابىسىگە 2 ـ 3 كىلومېتىرچە كېلىدىغانلىقىنى ئەگەر خالىغانلار پىيادە ماڭسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن بىز بىرقانچە ياشلار چەبدەس قەدەملىرىمىزنى يورغىلىتىپ قارابالاساغۇن (ئوردۇ بالىق ) شەھەر خارابىسى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتۇق.

كۆز ئالدىمىزدا ئاز دېگەندە يەر يۈزىدىن 10 نەچچە مېتىر ئېگىزلىكتە چوقچىيىپ تۇرغان قارابالاساغۇن شەھەر قەلئەسىنىڭ ئىزنالىرىدىن بىرى بولغان ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ئاز بولغاندا 3 ـ 4 قەۋەتلىك قىلىپ ياسالغان بۇتخانا مۇنارىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە پەقەت بىر توپلۇق ئېگىزلىككە ئايلىنىپ قالغان خارابىسى يىراقتىن قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بىز خارابىلىككە يېقىنلاشقاندىن كېيىن شەھەرنىڭ تۆت چاسا شەكىلدە ياسالغان تاملىرىنىڭ ئىزلىرىنى (بەلكىم ئىمپېرىيە ئوردىسى بولۇشى مۇمكىن)، شىمال ۋە شەرقى تەرىپىدىكى ئۈپراپ ئۆز ئەسلىدىن تامامەن تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن ئوردىغا كىرىش ئېغىزىنىڭ قاراۋۇللۇق مۇنارلىرىنى كۆردۇق.

موڭغۇلىيىلىك ساياھەت يېتەكچىمىزنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە ئەينى ۋاقىتتىكى قارابالاساغۇن شەھەر خارابىسى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق تەكشۈرۈلۈپ سۈرەتكە ئېلىنغاندىن كېيىن ئانالىز قىلىنىپ، شەھەر ئومۇمي كۆلىمىنىڭ 25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.



*"پايتەخت ئوردۇ بالىق شەھىرىنىڭ 25 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان شەھەر دائىرىسى ئىچىگە پادىشاھلىق سارايلارنى، مىنىستىرلىكلەر بىنالىرى، ئىبادەتخانىلار، باغچىلار، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا رايونلىرى بەرپا قىلىنغان".*[43]

ئوردۇ بالىق (قارابالاساغۇن) شەھىرى ئورخۇن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى تالالخاىن يايلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، موڭغۇلىيىنىڭ ئارخاڭاي ئۆلكىسىگە تەۋە بولغان بۈگۈنكى قاراقۇرۇم شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

مىلادى 742 - يىللىرى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىسى قۇتلۇق بىلگە قاغان رەھبەرلىكىدە ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلىپ كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىگە قارشى ھەربىي يۈرۈش قىلىدۇ ۋە كۆك تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى ئۆزمىش قاغاننى ئەسىرگە ئالغان باسمىل قەبىلىسىنى مەغلۇپ قىلىپ ئورخۇن دەرياسى بويىدا 744 - يىلى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنى قۇرىدۇ. 747 - يىلى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ قاغانى قۇتلۇق بىلگە قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلى مويۇنچۇر قاغانغا "قاغان ئەل ئەتمىش بىلگە" نامى بېرىلىپ ئاتا تەختىگە ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى ئوردۇ بالىق[44] (ئوردا شەھەر)[45] نى دۆلەت پايتەختى قىلىدۇ ۋە مويۇنچۇر قاغان ئوردۇ بالىلىق شەھىرىنى قۇرۇپ 7 يىلدىن كېيىن سېلىنگا دەرياسى بويىدا بايبالىق (باي شەھەر) نى قۇرۇدى. ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن ۋاقىتلىرىدا زېمىنى 5 مىليون 500 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشقان بولۇپ، شەرقتە تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە، جەنۇبتا ختاينىڭ سېرىق دەريالىرىغىچە، شىمالدا بايقال كۆلىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلارغىچە، غەربتە بۈگۈنكى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئارال دېڭىزىغىچە بولغان زېمىنلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا ئاسىيادا پەقەت تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كۈچلۈك بىر ئىمپېرىيىگە ئايلىنىدۇ.[46] تاڭ سۇلالىسى بىلەن بولغان سىياسىي ۋە سودا ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىپ، ھەربىي جەھەتتىن ياردەم بېرىپ ئۆز تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ بۇنىڭ دەلىلى شۇكى مىلادى 755 - يىلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۇزوڭ خانغا قارشى ئانلۇشان قوزغىلىڭى قوزغىلىدۇ.

756 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىدىن بۇ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچكى سىياسىتىگە ئارىلىشىپ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشىنىڭ پۇرسىتى دەپ بىلگەن ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى قاغانى تاڭ سۇلالىسىگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئانلۇشان قوزغىلاڭچىلىرىنى باستۇرۇپ بېرىدۇ ۋە جەنۇب تەرەپتە خىتاي زېمىنىنى بېسىۋالغان تىبەتلەرنىمۇ مەغلۇپ قىلىدۇ. بۇنىڭ بەدىلىگە تاڭ سۇلالىسى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىگە ئۇزۇن يىللار يىپەك ۋە باشقا ماللارنى تارتۇق قىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھىنىڭ مەلىكىسى نىڭۇونى بايانچۇر قاغانغا خوتۇنلۇققا ھەدىيە قىلىدۇ... 759 ـ يىلى بايانچۇر قاغان ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى تەڭرىقۇت بۆگۈ تەختكە ۋارىسلىق قىلىدۇ.



تەڭرىقۇت بۆگۈ 762 ـ يىلى خىتاي تاڭ سۇلالىسىنىڭ دائىزوڭ ۋە لوياڭ قاتارلىق شەھەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ نۇرغۇن زېمىنلارنى ئىگىلەيدۇ. 763 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسى بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالايدۇ ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە تاڭ سۇلالىسى ھەر يىلى ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىگە 20،000 تۈرگە يىپەك بېجى تۆلەيدۇ...

839 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى تەۋەسىدە تەبىئىي ئاپەت ۋە كېسەل تارقىلىپ نۇرغۇنلىغان مال چاۋىلار ئۆلۈپ كېتىدۇ ۋە بۇ سەۋەبتىن ئاچارچىلىق يۈزبېرىدۇ. 840 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچىدە ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرۈشى كەسكىنلىشىدۇ. ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىچىدىكى 9 مىنىستىرنىڭ بىرى ئۆتكۈچى كۇرەبىر قەبىلىسىدىن بولغان كۆل بۇقا دېگەن سەركەردە ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرىشىدە قاغانلىق ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە يېنىسەي بويىدىكى قىرغىزلاردىن 100 مىڭغا يېقىن ئاتلىق قوشۇننى

باشلاپ كېلىپ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، قارابالاساغۇن شەھىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى شۇندىن باشلاپ زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ...

بىز شەھەر خارابىلىكلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ خارابىلىكلەر ئىچىدە ئەڭ ئېگىز كۆرۈنگەن بۇتخانا مۇنارىنىڭ ئۈستىگە يامىشىپ چىققۇق ۋە پۈتۈن شەھەر خارابىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىنى ئېنىق كۆردۇق.

بۇ دەقىقىلەردە تۇيۇقسىز كۆك ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى... تەلۋە شاماللار غۇيۇلداپ كېلىپ قارابالاساغۇن شەھىرىنىڭ قان رەڭلىك توپا تاشلىرىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن يۈز كۆزلىرىمىزگە تىقىشقا باشلىدى. بىلمىدۇق، بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ 1300 يىلدىن كېيىن ئاتا بوۋىلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ شەرەپلىك شەھەرگە تۇنجى قېتىم ئايىغى باسسا ئانا تەبىئەت نېمە ئۈچۈن يۈز كۆزلىرىمىزگە بۇنچىۋالا توپا چاڭلارنى تىقىدۇ؟ بىز بۈگۈنكى كۈندە شۇ قەدەر كەچۈرگۈسىز گۇناھقا پاتقانلىغىمىز سەۋەبتىنمۇ ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ روھلىرى بىزنى ئۆز تۇپراقلىرى بېشىدا كۆرۈشنى خالىمىدىمۇ؟ ئاھ نادامەتلىك ئۇيغۇر، ئارمانغا، ئاتا بوۋىلارنىڭ قەرزىگە قەرز بولۇپ مۈكچەيگەن بۇ ئەۋلاد؟!

تارىخىي ئەسلىمىلەر ۋە بۈگۈنكى قىسمەتلىرىمىز سەۋەبىدىن كاللامغا يامغۇر مىسالى قۇيۇلۇۋاتقان جاۋابسىز سوئال سوراقلار نەپسىمنى بوغماقتا، يۈرىكىمنى ھالسىراتماقتا... قەدەملىرىم ئاستىدا دەسسىلىپ تۇرغان قان رەڭلىك تۇپراقنىڭ ئىمجان نالە قىلىۋاتقان ئىدالىرى يۈرىكىمگە ئوقيا تىغىدەك سانجىلماقتا... بۇ بەلكىم ئەجدادلار روھىنىڭ مەندە ۋىجدانىمدا ئەكس ئېتىۋاتقان سۈكۈتتىكى سوئال سوراقلىق دەقىقىللىرىدۇر، بەلكىم!

بىز بۇ سەپىرىمىز داۋامىدا بىر موڭغۇل زىيالىيسى چىڭگىزخاننىڭ ناھايىتى ئىقتىدارلىق رەھبەر، سىياسەتچى، پەلسەپچى بىر بۈيۈك شەخس ئىكەنلىكىنى تەرىپلەپ ئېيتقان مۇنداق بىر سۆزى تۇيۇقسىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى: "چىڭگىزخان بارلىق موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ھەربىي يورۇشىنى باشلايدۇ، كۈچى يەتكەن قەبىلىلەرنى كۈچ بىلەن كۈچى يەتمىگەن قەبىلىلەرنى قايىل قىلارلىق سۆزى بىلەن قايىل قىلىپ باش ئەگدۈرىدۇ. ئۇ بىر قېتىم چىڭگىزخانغا قارشى چىققان ئۆكتىچى موڭغۇل قەبىلىسىنىڭ باشلىقىغا بىر تال ئوقيانى بېرىپ ئۇنى سۇندۇرۇشنى سورايدۇ. ئۇ بۇ بىر تال ئوقيانى ھېچ بىر كۈچىمەستىنلا سۇندۇرىدۇ. ئارقىدىنلا چىڭگىزخان ئۇنىڭغا بىر توپ ئوقيانى بېرىپ، ئۇلارنىمۇ بىراقلا سۇندۇرۇشنى سورايدۇ ئەمما ئۇ قەبىلە باشلىقى ھەرقانچە كۈچەپمۇ بۇ ئوقيالارنى سۇندۇرالمايدۇ... كېيىن چىڭگىزخان قەبىلىلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ تۇرۇپ 'بىز ئىتتىپاقلاشماي خۇددى بىر تال ئوقيادەك ياشىساق دۈشمەن بىزنى ئاسانلا يوق قىلىدۇ ئەگەر بىز ئۇيۇم بولۇپ بىر توپ ئوقيادەك ياشىساق دۈشمەن بىزنى يوق قىلالمايدۇ. بىزنىڭ كۈچىمىز ئۇيۇملۇقتىن كېلىدۇ".

بىز كۈچلۈك بورانلىق شامالارغا قارشى ئۆمىلەپ يۈرۈپ دېگەندەك مىڭ تەستە بۇتخانا مۇنارى ئۈستىگە يامىشىپ چىققۇق ئەمما بىر بىرلىرىمىزگە يېقىن تۇرمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئارلىقىمىزدىن شامااللار ئۆتۈشۈپ، بىزنى ئىككى يانغا ئىرغىتىشقا باشلىدى ھەتتا بىر قانچىمىزنى بورانلىق شامااللار ئۇچۇرتۇپ كېتىشكە تاسلا قالدى ئەمما بىز ئۇلارنى ئۆز

سېپىمىزگە تارتۇق. بىز شۇ زامان بۇ ئىشتىن ساۋاق ئېلىپ ھەممىمىز دەرھال بىر يەرگە مەركەز بولۇپ توپلاندۇق، بىر بىرلىرىمىزنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ ئاۋازىمىزنى بولۇشىغىچە قويۇۋېتىپ كۆك ئاسمانغا ياق قارا بۇلۇت قاپلىغان، كۆك تەڭرىنىڭ غەزىپى تۆكۈلگەن ئەپتى يامان ئاسمان ئىلاھىغا قاراپ بىر نېمىلەرنىدۇر دەپ توۋلىدۇق... ۋارقىرىدۇق....ئۆتۈندۇق... بۇ نىدالىرىمىزدىن پەرۋاسىز شىددەتلىك چىقىۋاتقان بورانلىق شامال بىزنى ئۇچۇرتۇپ ئېلىپ كېتىشكە، قاياقلارغىدۇر ئۇچۇرۇپ بېرىپ ئىنسان كۆزىدىن غايىب قىلىۋېتىشكە، ئاخىردا جىن ئالۋاستىلار ئالىمىگە بۇرۇن ئىگىلەپ ئۆزىنىڭ ماكانى قىلغان بۇ سەلتەنەتلىك ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قارابالاساغۇن شەھرىنى مەڭگۈ ئۆزىنىڭ چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرۇشقا ئۇرنۇۋاتقانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويۇۋاتقاندەك ۋەياكى بىز بۇ قارا نىيەتلىك تەبىئەتنىڭ مۇدھىشىنى بايقاپ قالغان چېغىمىزمۇ ئەيتاۋۇر، خۇددى ئاخىرقى مىنۇتلاردا ئاتىدىغان ئوقى تۈگەپ چارىسىز ھالدا دۈشمەن ئالدىدىكى ئىستىھكامغا بەدىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ۋەتەن ئازادلىقى ئۈچۈن شېھىت بولۇشقا ھازىر بولغان قەھرىمانلاردەك قارابالاساغۇن شەھەر خارابىلىكى ئۇستىدىكى بوران چاپقۇنلۇق شامالارغا كۆكرىكىمىزنى كېرىپ تۇرۇپ مۇراجىئەت قىلدۇق "ئەي كۆك تەڭرى، بۈگۈن ئۇيغۇرغا يا ئۆلۈم يا كۆرۈم... ئۇيغۇرغا بىر مەرتەم نەزىرىڭنى سال، نۇسرەت بەر! ئەي يەتتە ئىقلىمغا مۇساپىر بولغان ۋەتەنسىز ئۇيغۇرۇم، بۈگۈن سەن نەدە؟؟؟ نەدە سەن....... ئۇيغۇرۇم!" بورانلىق شامالار يۈز كۆزلىرىمىزگە ئۇرغان توپا چاڭلار سەۋەبىدىنمۇ ياكى يۈرەكلىرىمىز قاتتىق ئازابلاندىمۇ ياكى ھەر ئىككىلا سەۋەبتىنمۇ كۆزلىرىمىزدىن نادامەتلىك ئىسسىق ياشلار توختىماي تۆكۈلمەكتە... قارابالاساغۇن شەھەر خارابىلىكىدىكى قان رەڭلىك تۇپراققا قوشۇلۇپ تىزدىن كۆزدىن غايىب بولماقتا...

ناۋادا ماڭا بۇ خارابىلىكلەردىن ئەينى دەۋرگە ئائىت بىرەر نەرسە ئۇچراپ قالسا، ئۇنى ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكۈم ۋە بايلىقىم سۈپىتىدە ئۆيۈمدە ئەينەك شېشىگە ئېلىپ ساقلىسام، كۈندە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر قارىسام... دېگەندەك شېرىن



خىياللارنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قارابالاساغۇن شەھىرىنىڭ شەھەر بۇ خارابىلىقلىرىدە كۆزلىرىمگە كىرىۋاتقان توپ چاڭلارنى سۈرتۈپ ئۇ يەر بۇ يەرلەرنى تىمتىقلاشقا باشلىدىم. ھازىرمۇ يەر يۈزىدىن 2 3 مېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ۋە ئەينى زاماندىكى شەھەرنىڭ سېپىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدىغان توپا دۆڭلەرنى كەزدىم. بىر چاغدا قانداقتۇر بىر قاتتىق نەرسىنىڭ پۇتۇمغا ئۇرۇلغانلىقىنى تۇيدۇم دە پۇتۇم ئاستىدىكى بەلكىم قىرلىق تاش بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئېرەنلىك بىلەن قارىدىم. ئۇ تاش ئەمەس ئىككى تال تۆمۈرنىڭ پارچىلىرى بولۇپ چىقتى. بۇ تۆمۈر پارچىلىرى ئەسلى سۇنغان بىر داش قازاننىڭ قىرغاقلىرى بولۇپ قېلىنلىقى 1.20 سانتىمېتىر، كەڭرىلىگى 10 سانتىمېتىر، خىيالى ئايلانما شەكلىدە ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. دېمەك بۈنىڭدىن شۇنى مۇقەررەرلەشتۈرۈش تەس ئەمەسكى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇرلاردا تۆمۈر سانائىتىنى ئۆز ئىچىگە ھەر خىل ئىشلەپچىقىرىش سانائەتلىرىمۇ خېلى مۇكەممەل دەرىجىدە راۋاجلانغان.

*(مانا ئاخىر بىر ئارزۇيۇم بولسىمۇ ئەمەلگە ئاشتى. ئەجدادلىرىمدىن ھېچ بولمىسىمۇ ماڭا قازاننىڭ بىر پۇچۇقى تەگدى ئەمما ئۇنى ئۆزۈم ئىزدەپ تاپتىم. بۇ ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىن قالغان قازاننىڭ پۇچۇقىنى موڭغۇلىيىدىن تاموژنىلاردا يوشۇرۇپ دېگەندەك ئۆتكۈزۈپ ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتىم، مەن ھازىر بۇ تۆمۈر پۇچۇقىنى ئەينەك شېشىدە تەۋەررۈكۈم قاتارىدا ئۆيۈمدە ساقلاۋاتىمەن. موڭغۇلىيە سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قانچە قېتىملاپ قولۇمغا ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىغىنىمنى ساناپ بولالمايمەن. ئاپتوردىن)*



تولىمۇ ئەپسۇس گەرچە 2004 - يىلى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارابالاساغۇن (ئوردۇ بالىق) شەھەر خارابىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورخۇن ۋادىلىرىدىكى تۈرك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئىلتىماسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن مەدەنىيەت مەھكىمىسى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ "خەلقئارالىق قوغدىلىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى" تىزىملىكىگە رەسمىي كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ بۇ ھەشەمەتلىك دۇنياۋى تەشكىلاتنىڭ ياكى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارابالاساغۇن شەھەر خارابىلىكلىرىنى قوغداش شەپقىتى تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئىدى.

قارابالاساغۇن شەھەر خارابىلىكلىرى شۇ قەدەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچۇرغانكى خارابىلىكنى كېسىپ ئۆتكەن چىغىر يوللار ياكى موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ شەھەر خارابىلىكلىرى ئىچىدە قوي كالا بېقىپ قالدۇرغان ۋەيرانچىلىقلىرى ۋەياكى كەلگۈندى تەۋەككۈلچى ئېكسپېدىيەچىلەرنىڭ ئاسارە ئەتىقىلەر ئىزدەپ قالايمىقان كولاپ قالدۇرغان ئازگاللار قەدەمدە دېگەندەك ئۇچراپ تۇراتتى. ھەتتا بۇ يەرنىڭ نام نىشانىمۇ رەسمىي شەكىلدە بىرەر يەرگە يېزىلمىغان بولۇپ، موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى شەھەر خارابىلىكىگە كىرىدىغان بىر يەرگە بۇ يەرنىڭ "ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قارابالاساغۇن شەھەر خارابىسى" ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر تاختاي ياساپ بېكىتىشكىمۇ قۇربى يەتمىگەن. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرغا ۋەتەنسىزلىك ھەر بىر قەدەملەردە شۇنداق روشەن بىلىنىدىكى ھەتتا 1300 يىللار ئىلگىرى قۇرۇلغان دۆلىتىمىز پايتەختىنىڭ جىسمانىي ئورنىنى رەسمىي بىر شەكىلدە ئاتىلىشقا ۋە قوغدىلىنىشقا ئىگە بولالماپتۇ.

گەرچە بىز ئۇيغۇرلار بىلەن قېرىنداش بولغان تۈركىيە خەلقىنىڭ دۆلىتى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قارابالاساغۇن شەھەر خارابىلىكىدىن 19 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كۆلتېكىن ۋە بىلگە قاغان مەڭگۈتاشلىرى ئورنىتىلغان يەرلەرگە بۇ تارىخىي ئىزلارنى قوغداش ئۈچۈن مىللىيۇنلىغان دوللار خەجلەپ مەخسۇس "كەھۆشۆۆ تسايدام (خوشۇ سايدام) تۈرك مەدەنىيەت ئىزلىرى مۇزېيى" قۇرۇپ ۋە بۇ يەرگە بارىدىغان 45 كىلومېتىر تاش يول ياساپ ئۆز مەدەنىيەت ئىزلىرىگە ساھىب چىقىپتىكى بۇ شەپقەتلەر ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قارابالاساغۇنغا مەنسۇپ بولماپتۇ. بىز ئاپتوبۇس بىلەن قايتىش يولىمىزدا يىغىن سەپىرىدە بىرگە بولغان بىر قانچە ئۇيغۇر پېشقەدەم يازارلىرىمىز ۋە زىيالىيلىرىمىز بىلەن ئوردۇ بالىلىق (قارابالاساغۇن) شەھەر خارابىلىكلىرىنى قانداق قوغداپ قېلىش توغرىسىدا قىزغىن مۇنازىرىلەر قىلىشتۇق ۋە ئاخىردا تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە نۇقتىدا ئورتاق بىر تونۇشقا كەلدۇق:

1 *ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قارابالاساغۇن (ئوردۇ بالىق) شەھەر خارابىلىكلىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن مەدەنىيەت مەھكىمىسى تەرىپىدىن "خەلقئارالىق قوغدىلىدىغان تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى" تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن بىرىنچىدىن موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەسمىي شەكىلدە قارابالاساغۇن شەھەر خارابىلىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بار.*

*2 قارابالاساغۇن شەھەر خارابىلىكلىرى ئۇيغۇرلارغىلا مەنسۇپ بولماستىن تۈرك دۇنياسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا تەۋە تارىخىي جاي ۋە بۇ نۇقتىدىن شەھەر خارابىلىكىنىڭ قوغدىلىنىشى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى كېرەك.*

*3 بولۇپمۇ غەرب ئەللىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمىز بۇ مەسىلىگە جىددىي قاراپ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن مەدەنىيەت مەھكىمىسىگە ۋە باشقا خەلقئارالىق مەدەنىي ئاسارە ئەتىقىلەرنى قوغداش جەمئىيەتلىرىگە ئىلتىماس قىلىش ۋە موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تەدبىر قوللىنىشىغا كۆۋرۈك بولۇشى زۆرۈر.*

*4 دۇنيا مىقياسىدا ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى بىر ئارىغا كېلىپ ئۆزلىرى تەشكىل قىلغان بىر كومىتېت قۇرۇپ چىقىش ۋە بۇ كومىتېت مەخسۇس قارابالاساغۇن شەھەر خارابىلىرىنى قوغداشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئۇيغۇر مەدەنىي ئاسارە ئەتىقىللىرىنى قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇش ۋە تەدبىر كۆرۈش.*

*5 قارابالاساغۇن شەھەر خارابىسىنى ئۇيغۇرنىڭ ئىككىنچى مەككىسىگە ئايلاندۇرۇش تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىش، ئۇيغۇرلارنى موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن ۋادىلىرىغا جۈملىدىن قارابالاساغۇن شەھەر خارابىلىرىنى زىيارەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا ئۆز تارىخىمىزنى بىلىش قىزغىنلىقى قوزغاش.*

*6 قارابالاساغۇن (ئوردۇ بالىق) شەھەر خارابىلىكلىرى ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارغا ئۆز كىملىكىمىزنى تونۇش ۋە تارىخىمىزغا ئىگە بولۇش تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش ۋە بۇ تەربىيىلەرنى بۈگۈن ئۇيغۇرنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش.*

*7 ئۇيغۇر ۋەكىللىرى رەسمىي شەكىلدە موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن قارابالاساغۇن (ئوردۇ بالىق) شەھەر خارابىلىرىنى ۋە موڭغۇلىيىدىكى باشقا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي جايلارنى قوغداش توغرىسىدا دىپلوماتىك قاناللار ئېچىپ قەرەللىك سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش.*

*8 بۇ مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى سودا سانائەتچىلەر، ئىقتىسادى بارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ھەر ساھەلەرنى تەشكىللەپ مەبلەغ يىغىش ۋە يىغىلغان مەبلەغلەرنى قارابالاساغۇن (ئوردۇ بالىق) شەھەر خارابىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاسارە ئەتىقىلەرنى، تارىخىي جايلارنى قوغداشقا سەرپ قىلىش.*

يۇقىرىقى يەكۈنلەر بۇ قېتىم موڭغۇلىيىنىڭ ئورخۇن بويلىرىدا ئېچىلغان "3 - نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" غا ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتناشقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر يازغۇچى، رەسسام، تارىخچى، سەنئەتكارلارنىڭ ئورتاق تونۇشى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن ئاممىۋى كۆچكە ئىگە مۇراجىئىتى بولۇپ، بۇ مۇراجىئەتنىڭ ھەرقانداق بىر ئۇيغۇرنى سۆيگەن، ئۇيغۇرنىڭ ئۆتمۈشىنى ئۇنتۇمىغان، ئەجدادلىرى بېسىپ ئۆتكەن ئۆتمۈشلەرنى كېلەچەك ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈشنى ئارزۇ

قىلىدىغان، ئۇيغۇرنىڭ تارىختىكى دۆلەتچىلىك مەيدانىدا تۇرۇپ بۈگۈنكى مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇرۇش ئىستەكلىرىدە بولۇۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر ۋەتەن سۆيەر ۋە مىللەت سۆيەرلىرىنىڭ جىددىي ئويلىنىشىغا ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچىدىمىز.

## "ئىككى بوز ئات" ئارامگاھىدا قايتا تۇنەش

بۇ قېتىمقى سەپىرىمىزنىڭ تۈنجى ۋە ئەڭ ئاخىرقى كۈندىكى بېكىتى "ئىككى بوز ئات" (ھويور زاگال) ئارامگاھىغا بىر قانچە سائەت ئاپتوبۇستا سەپەر قىلغاندىن كېيىن يېتىپ كەلدۇق. بۇ بىزنىڭ ئەتە ئۇلانباتورغا قايتىش يولىمىزدىكى موڭغۇل يايلاقلىرىدا تۈنەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچىمىز ئىدى.

بۈگۈن كەچ سائەت 8 دە بىز يەنە ھەر كۈنلۈكى داۋام قىلىۋاتقان "3 - قېتىملىق ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" يىغىنىنى ئېچىشنى داۋاملاشتۇردۇق. بۈگۈنكى يىغىندا ئاساسلىق تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلىش بېكىتىلگەن:

*1 ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكىگە ئەزا بارلىق قەلەمكەشلەر مەركەزلىرى تەرىپىدىن "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" نىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىش.*

*2 " ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" تارمىقىدا خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ 5 تۈرلۈك خىزمەت كومىتېتىنىڭ بىرى بولغان تىل ۋە تەرجىمە كومىتېتىنى قۇرۇش ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلىنى سايلاپ چىقىش.*

*3 " ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" نىڭ لوگو رەسمىي بەلگىسىنى بېكىتىش.*

ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى قەيسەر ئۆزھۇن ئەپەندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن يېرىم سائەت بالدۇر يىغىن ئېچىلىدىغان كىگىز ئۆيگە ياندىش جايلاشقان بىر كىچىكرەك خانىگە يىغىلغان ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرىنىڭ بارلىق ئەزالىرىغا ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى مەركىزىنىڭ خىزمەتلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ۋە مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلىلەر توغرىسىدا خىزمەت دوكلاتى بېرىلدى. ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ باش مەسلىھەتچىسى دوكتور دولقۇن قەمبىرى ئەپەندى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كەچ سائەت 8:30 دا باشلانغان ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى ئومۇمىي يىغىنى ناھايىتى جۇشقۇن كەيپىياتلار ئىچىدە داۋام قىلىپ، ئاخىردا ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيىغا ئەزا 12 ئورال ئالتاي تىللىق قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىدىن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى

بىلەن ئېستونىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا (قىرغىزىستان)، ئۇيغۇر، تۈركىيە، ياپونىيە، ۋېنگىرىيە قاتارلىق 6 قەلەمكەشلەر مەركەزلىرى ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىقىغا سايلاندى ۋە بۇ مەركەزلەر بۇ قېتىمقى يىغىندىن قايتىپ ئۆز دۆلەتلىرىگە بارغاندىن كيىن ئۆز قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىدە سايلام ئېلىپ بېرىپ، بىردىن دائىمىي ھەيئەت ئەزاسىنى سايلاپ چىقىپ بۇ يىل سېنتەبىردە سېربىيىنىڭ پايتەختى بېلگراد شەھىرىدە ئېچىلىدىغان خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ 77 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا نامزاتلارنىڭ تىزىملىكنى تاپشۇرۇش قارارلاندى.

بۈگۈنكى يىغىن 2 سائەتلەرچە داۋام قىلغاندىن كېيىن يىغىن ئاخىردا ئەسلى بۈگۈنكى يىغىندا ھەل قىلىشقا بېكىتىلگەن قالغان ئىككى تۈرلۈك ئىشنى ۋاقىت مۇناسىۋىتى بىلەن ئەتە ئۇلانباتورغا بارغاندا داۋاملىق يىغىن ئىشتىراكچىلىرى بىلەن مۇزاكىرىلىشىشكە كېلىشىلىپ يىغىننىڭ ئاياغلاشقانلىقى بىلدۈرۈلدى.

## 2011 - يىلى 7 - ئىيۇل:

## ئۇلانباتور شەھىرىگە قايتىپ كېلىش

موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ شەرقىي ئۇپۇقىدىن يايلاقنى سۆيۈپ كۆتۈرۈلگەن قۇياش ئۆزىنىڭ ھارارىتىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن بۇ گۈزەل زېمىنغا چېچىۋاتقان سالقىن سەھەر. بىز سەھەردىلا ئەتىگەنلىك ناشتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن بىزنى ئىككى نۆۋەت رازى قىلغۇدەك كۈتۈۋالغان "ئىككى بوز ئات" ئارامگاھىدىكى خىزمەتچىلەرگە مىنەتدارلىقىمىزنى بىلدۈرۈپ ئۇلانباتور شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتۇق. ئاپتوبۇستا 6 سائەتتىن ئارتۇق سەپەر قىلغاندى كېيىن چۈشتىن كېيىن يەرلىك ۋاقىت سائەت 2 لەردە ئۇلانباتور شەھىرىگە يېتىپ كېلىپ، بىز 2 - ئىيۇل بىر ئاخشام تۈنىگەن يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىغا قايتىدىن ئورۇنلاشتۇق.

ئارىمىزدا يىغىنغا كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە پېشقەدەملىرىمىزمۇ خېلى ساندا بولۇپ، بۇ بىر ھەپتە موڭغۇل يايلاقلىرىدا ئۇدا داۋام قىلغان سەپەرلەر، يەنە كېلىپ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ناچار ھاۋا رايى پىژىرغىن ئىسسىقتىن تارتىپ بوران چاپقۇنلۇق ياكى يامغۇرلۇق ھۆل كېچىلەردە كىگىز ئۆيلەردە مەشكە كالا تېزىكىنى قالاپ ئىسسىنىپ تۈنەشلەر بولسۇن، ۋەياكى تاغ ئېدىرلارنى بويلاپ تاش دەسسەپ ماڭغان تەۋەككۈلچىلىك سەپەرلەر بولسۇن، ياشانغان چوڭلىرىمىزنى خېلىلا چارچىتىپ قويغان ئىدى.

ھازىرقى زاماننىڭ ھەممە ئېھتىياجلىرىدىن تولۇق چىقالايدىغان ۋە مەدەنىيەتنىڭ نامايەندىسى بولغان يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىدا بىز 2 سائەت ئارام ئالغاندىن كېيىن ساياھەت

يېتەكچىمىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئۇلانباتور شەھەر مەركىزىنى زىيارەت قىلىشقا ھازىرلاندۇق.

## قىزىل باتۇر شەھىرىگە زىيارەت

بىر قانچە كۈن توختىماي ياغقان يامغۇردىن كېيىن پارلاپ چىققان ئوتلۇق قۇياش ئۇلانباتور ئاسمىنىدىكى ئۆزىنىڭ ئىيۇل ئېيىدىكى پېژىرغىن ئاپتاپلىرىنى سەپمەكتە. كۆپ - كۆك شەھەر ئاسمىنىدا بۇلۇتلار خۇددى يەر يۈزىدىكى ئادەملەردەك گاھى گاھىدا ئۆزلىرىنىڭ سايىسىنى تاشلاپ قويۇپلا قاياقلارغىدۇر ئالدىراشلىق بىلەن يۈرمەكتە. بىز موڭغۇل يايلاقلىرىدىن قايتىپ كەلگەچكىمۇ بۇ شەھەر ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي كۆزلىرىمىز كۆنۈپ كەتكەن شەھەر مەدەنىيىتىنى ئېسىمىزگە قايتىدىن سالماقتا. بىز سەپەر ھارغىنلىقىغا قارىماي بىز ئۈچۈن بېرىلگەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىنكى 2 سائەتلىك ئۇلانباتور شەھەر مەركىزىنى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت تۇتتۇق.

بىز ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كەلدۇق. ئۇلانباتور ئانچە چوڭ شەھەر بولمىسىمۇ ئەمما ئۆزىنىڭ يايلاق مەدەنىيىتىگە خاس بىر مەركىزى شەھەرلىك ئوبرازىنى تولۇق نامايان قىلغان بولۇپ، شەھەردىن ئانچە يىراق كۆرۈنمەيدىغان كۆپ كۆك ئېدىرلىق تاغلار باغرىدا دوپپىنىڭ چوڭلۇقىدا كۆرۈنىدىغان ئاق چېدىر ئۆيلەر كۆزىڭىزگە خۇددى تاغلارنىڭ ئاق تاجىسىدەك جىۋىرلاپ كۆرۈنمەكتە ...

موڭغۇل سۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تارىخ ۋە تىلشۇناسلار يەنىلا موڭغۇل تىلىدىن ئىزدەيدۇ. "موڭغۇل" دېگەن ئاتالغۇ ئەسلى موڭغۇل تىلىدىكى شامانلار قوللىنىدىغان "مۇنكھ گال" (مۇنخگال) دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ "چەكسىز ئوت ئاتەش" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدىكەن.[47] موڭغۇلىيىنىڭ پايتەختى ئۇلانباتور شەھىرى تۇۋۇل دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان. پايتەختىنىڭ ئىسمى تاكى 1924 - يىلىغا قەدەر ئورگوو ياكى كھووراي (قوراي ئادەم ياشايدىغان قورۇ جاي) دەپ ئاتىلىپ كەلگەن بولۇپ 1921 - يىلى موڭغۇل ئىنقىلابىنى قوزغاپ موڭغۇلىيىنى خىتاي تەۋەلىكىدىن ئايرىپ مۇستەقىل موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققان موڭغۇل باتۇرى دامدىن سۇكھاباااتار (سۇخا باتۇر)[48] نىڭ نامىغا ئاتاپ ئۇلانباتور دەپ ئۆزگەرتكەن.

ئۇلانباتور (Улаанбаатар) ، ئۇلانبااتار، ئۇلانبااتار، (سۆزى موڭغۇل تىلىدا "قىزىل باتۇر" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ ئۇيغۇر تىلىدىكى "باتۇر" سۆزى موڭغۇل تىلىدىمۇ ئەينەن قوللىنىلىدىكەن. ئەگەر سىز ئۇلانباتورغا كىرىش يولىڭىزدا دىققەت قىلسىڭىز نەچچە كىلومېتىرلاپ يېڭىدىن قۇرۇلۇۋاتقان چېدىر ۋە خىش كېسەك ئۆيلەر بىلەن تولغان تار كوچىلارنى، تېز سۈرەتتە كېڭىيىۋاتقان شەھەر ئەتراپى رايونلىرىنى كۆرىسىز. يېقىنقى ستاتىستىكىدا بىلدۈرۈلۈشىچە پۈتۈن موڭغۇلىيە دۆلىتىنىڭ نوپۇسى 3 مىليونغا يېقىن بولۇپ بۇ نوپۇسنىڭ 95% دىن ئارتۇقراقى ئۇلانباتور شەھىرىدە ياشايدىكەن.




بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بىر قۇتۇپلىششى شاملى ئۇلانباتورنىمۇ سىرتتا قالدۇرمىغان بولۇپ، ھەشەمەتلىك بىنالارنىڭ ئانچە يىراق بولمىغان كۆلەڭگىسىدە ئاق كىگىز ئۆيلەر ئارىلىشىپ كەتكەن ئارقا كوچىلار ۋەياكى شەھەرنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا كۆركەم ۋىۋىسكىلارنى ئېسىپ خېرىدار جەلىپ قىلىۋاتقان مىچدونالدىس رېستورانىدىن تارتىپ ياپونىيىنىڭ ۋاگاماما تىز تاماقخانىسىغىچە، ئىشقىلىپ سىز بۇ شەھەردە غەرب ۋە شەرقنىڭ ھەممە مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى كۆزىڭىزگە سىغدۇرالايسىز ئەمما بۇ "قىزىل باتۇر" شەھىرىدە سىز پەقەت كۆرمىگەن موڭغۇلىيەگىلا خاس شەھەر ئابىدىلىرىمۇ بار. بۇ خاسلىقنىڭ تۇپ مىسالى شەھەر مەركىزىدىكى ھەشەمەتلىك سۈكھاباتار مەيدانىدۇر.

سۈكھاباتار مەيدانى 1921 - يىلىدىكى موڭغۇلىيە مۇستەقىللىق ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى، موڭغۇل يېقىنقى زامان تارىخىدىكى مەشھۇر شەخس سۈكھاباتارنىڭ نام شەرىپىگە ياسالغان بولۇپ، سىز بۇ يەردە پۈتۈن شەھەردىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك بىنانى كۆرىسىز. سۈكھاباتار مەيدانىغا ياسالغان ئۈچ قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك موڭغۇل پارلامېنت بىناسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاتۇرۇلغان موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى چىڭگىزخاننىڭ ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئىزباسارلىرىنىڭ ھەيكەللىرى سىزگە دۇنيانى تىترەتكەن موڭغۇل ئىستېلاسىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ بىنانىڭ قارشى تەرىپىدە سۈنئىي تاغ ئۈستىگە ئورنىتىلغان موڭغۇل قەھرىمانى سۈكھاباتارنىڭ ئات ئۈستىدىكى ھەيكىلى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ ھەيكەل سىزگە نېمە ئۈچۈن موڭغۇلىيىنىڭ پايتەختى بولغان ئۇلانباتورنىڭ سۆزىنىڭ موڭغۇل تىلىدا "قىزىل باتۇر" دەپ ئاتىلىشىدىكى سىرلىرىنى يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## "3 - نۆۋەتلىك ئۇرال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى" نىڭ يىغىنى ئۇلانباتوردا نەتىجىلىك ئاياغلاشتى




بىز قىزىل باتۇر شەھەر مەركىزىنى 2 سائەت ئەتراپىدا زىيارەت قىلغاندىن كېيىن يىغىننىڭ يېپىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن شەھەر مەركىزىگە يېقىن بىر جايدىكى باياگول مېھمانخانىسىغا يىغىلدۇق. يىغىن بايانگول مېھمانخانىسىنىڭ يىغىن زالىدا باشلاندى.

خەلقئارا قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى قەيسەر ئۆزھۇن ئەپەندى بۈگۈنكى يىغىننىڭ تەرتىپلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ سەھنىگە تەكلىپ قىلىنغان قازاقىستاندىن كەلگەن ئۇيغۇر تارىخچىسى قاسىم مەسۇمى ئەپەندى 20 مىنۇت ئۇيغۇر تارىخى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ تەييارلىغان ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى.

ئارقىدىن يىغىن يەنە ئۆز تەرتىپى بويىچە ئالدىنقى كۈندىكى يىغىندا ۋاقىت يېتىشمىگەنلىكى تۈپەيلى بۈگۈنگە قالدۇرۇلغان "ئۇرال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" تارمىقىدا تىل ۋە تەرجىمە كومىتېتى قۇرۇپ چىقىش، ئۇنىڭ مەسئۇلىنى ئاۋاز

بېرىپ سايلاپ چىقىش مۇزاكىرە قىلىندى. ئەڭ ئاخىرىدا ھەممە قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىنىڭ تولۇق قوشۇلۇپ ئاۋاز بېرىشى بىلەن ئېستونىيە قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ رەئىسى كەتلىن كالدماا "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" تىل ۋە تەرجىمە كومىتېتىنىڭ مەسئۇللۇقىغا سايلاندى.

ئىككىنچى مەسىلە "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" نىڭ لوگو رەسمىي بەلگىسىنى بېكىتىش مۇزاكىرىگە قويۇلغاندىن كېيىن "ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" گە ئەزا قەلەمكەشلەر مەركەزلىرىدىكى بارلىق ئەزالارنىڭ بۇ يىغىنغا قاتنىشىش مۇمكىنچىلىكى بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەزكۇر بىرلىكنىڭ لوگو بەلگىسىنى لايىھىلەپ چىقىشنى ئاۋۋال پۈتۈن قەلەمكەشلەرگە خەۋەرلەندۈرۈش ۋە كوپ تۈرلۈك لايىھىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئاخىردا دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى تەرىپىدىن ئورال ئالتاي خەلقلىرىگە سىمۋوللۇق بەلگە بولالايدىغان لوگو بەلگىسىنى تاللاپ چىقىش بېكىتىلدى. يىغىن ئاخىرىدا قەيسەر ئۆزھۆن ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىگە يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەزالارغا خەلقئارا قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ ئەزالىق گۇۋاھنامىسىنى تەقدىم قىلدى.

ئالقىشلار بىلەن قىزغىن كەيپىياتتا داۋاملىشۋاتقان يىغىنىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يېپىلىش سۆزىنى قىلغان قەيسەر ئۆزھۆن ئەپەندى "*بۇ قېتىمقى يىغىن بىزگە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك دەرسلەرنى ئۆگەتتى. بىز بۇ يىغىن ئارقىلىق قېرىنداش موڭغۇل خەلقىمىزنى جۇملىدىن ھەممىمىز تەڭ ئىگە بولىدىغان، پەخىرلىنىدىغان ئورال ئالتاي خەلقلىرىنىڭ تىلى، تارىخى ۋە مەدەنىيەت باغلىنىشلىرىنى ئۆگەندۇق. ئەجدادلىرىمىز ياشىغان بۇ تارىخىي تۇپراقلاردا خۇددى شۇلار ياشىغاندەك ياشىدۇق. موڭغۇلىيە ئەڭ ئاخىرى ئۆزىنىڭ دېموكراتىك، ئەركىن دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ پۇرسەتتىن مانا بىز بۇ يەردە ئورال ئالتاي خەلقلىرى يازغۇچىلىرى، تارىخچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان يىغىنىنى غەلبىلىك ئاچتۇق. مەن بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاۋۋال خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ باش پرىنسىپلىرى بولغان ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ئەركىن يېزىش ۋە نەشر قىلدۇرۇش ھوقۇقلىرى كاپالەتكە ئىگە بولۇۋاتقان دېموكراتىك موڭغۇلىيە دۆلىتىگە، ئاندىن بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالغان ساھىبخانىمىز موڭغۇلىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت ئاكادېمىيىسى ۋە ئۇنىڭ مەسئۇلى گ مەند ئوويو ئەپەندىگە، گ مەند ئوويو ئەپەندىنىڭ ياردەمچىسى مۇنكھناران خانىمغا، ئىنگلىز تىلى تەرجىمان سويولبولد ئەپەندىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىغىمنى بىلدۈرمەن. شۇنى ئېيتىشىم زۆرۈركى موڭغۇلىيىلىك دوستلارنىڭ ياردىمىسىز بۇ نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشى مۇمكىن ئەمەستى. ئەلۋەتتە مېنىڭ ئەڭ ئاخىردا ئېيتىدىغان مىننەتدارلىغىم بۇ يىغىنغا يولنى يىراق كۆرمەي كەلگەن بارلىق قەلەمكەشلەرگە مەنسۇپ! ئىشىنىمەنكى بۇ يىغىنىنىڭ روھى ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى ئارىسىدا ئۇزۇن يىللارغىچە داۋام قىلىدۇ! ئاخىردا ھەممىڭلارنىڭ قايتىش سەپىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەيمەن!*"

يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۈچۈن سۆزگە چىققان خەلقئارا قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى ھورى تاكەاكى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىغا سۆز قىلىپ: "*مەن بۇ سەپەر جەريانىدا موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى گوبى چۆللۈكلىرىدىن بىر تال گۈل ئىزدەپ*

*تېپشنى كۆڭلۇمگە پۈتكەن بولسامۇ ئافرىقىدىكىگە ئوخشاش يەنىلا ئۆزۈم ئىزدىگەن گۈلنى تاپالمىدىم ئەمما ئۇ گۈلدىنمۇ ئارتۇق بىر نەرسە تاپتىم ئۇ بولسىمۇ ئورال ئالتاي بىرلىكىنىڭ چىن دوستلۇقى. بىز سەپەر داۋامىدا يامغۇردا بولسۇن ياكى پىژىرغىن ئىسسىقتا بولسۇن دائىم دېگەندەك كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ يۇرۇپ، ئىسسىق سوغۇققا چىداپ، يايلاقمۇ يايلاق، ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا، بۇ تاغدىن ئۇ تاغقا توختىماي سەپەر قىلدۇق... بىز سەپەر داۋامىدا ئۆزىمىزنى قاتتىق چېنىقتۇردۇق ۋە بۇ سەپەر ئارقىلىق بىز ھېقىقى ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكىنىڭ ھۇلىنى سالدۇق. مەن بىزنىڭ پارلاق كېلەچىكىمىزنىڭ بارلىقىغا ۋە قىلماقچى بولغان ئىشلىرىمىزنىڭ چوقۇم نەتىجىلىك بولىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچىدىمەن".*

ئەڭ ئاخىردا موڭغۇلىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسئۇلى ساھىپخان گ مەند ئوويو ئەپەندى يىغىن ئەھلىگە خوشلىشىش سۆزى قىلغاندىن كېيىن **موڭغۇلىيىدىكى ئۇيغۇرلار** "3 ـ نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" نىڭ يىغىنى رەسمىي ئاياغلاشقانلىقى ئېلان قىلىندى ۋە يىغىن ئەھلى بىر بىرلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئۆز ئارا ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ يىغىن زالىدىن ئايرىلدى.

مىلادى 843 ـ يىلى ئوردا بالىقنى پايتەخت قىلغان ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسى زاۋاللىققا يۈزلەنگەندىن كېيىن ئۇيغۇرلار شەرق، جەنۇب ۋە غەربىي جەنۇب ئۈچ يۆلىنىشكە بولۇنۇپ كۆچۈپ، شەرقىي يۆلىنىشى خىتاينىڭ سېرىق دەرياسىنىڭ جۇنۇبلىرىغىچە، جەنۇبىي يۆلىنىشى كەڭسۇ ۋە كۆكنۇر (ھازىرقى خىتاينىڭ گەنسۇ قىنغاى ئۆلكىلىرى) گىچە، غەربىي يۆلىنىشى ھۇن ۋە تۈرك ئىمپېرىيىلىرى دەۋرلىرىدىن تارتىپ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىماللىرىدا تۇرپان، تارىم ۋادىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ زېمىنلاردا ياشاپ كەلگەن يەرلىك توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلتىنى ۋە قاراخانىيلار دۆلەتلىرىنىنى قۇرۇپ ئۇيغۇرنىڭ دۆلەتچىلىك تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى ئاچىدۇ...

ھازىر بۈگۈنكى موڭغۇلىيىدە ئەڭ ئاز بولغاندا تەخمىنەن 5 مىڭ ئەتراپىدا ئۇيغۇرلار ياشايدۇ. ئۇلار ئاساسلىق موڭغۇلىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى رۇسىيە ۋە خىتاي بىلەن 40 كىلومېتىر چېگرىداش بولغان ئالتاي تاغلىرىنىڭ شەرقى بۆلگىگە جايلاشقان بايان ئۆلگەي (ئۆلگىي) ئايمىغى ۋە خوبدا، زاپخۇن قاتارلىق شەھەرلەرنى مەركەز قىلىپ قازاقلار بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يەنە ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئۇلانباتور شەھىرىدە ياشايدىغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەۋلادلىرى 19 ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مانجۇ خىتاي زۇلۇمىدىن قېچىپ، تىرىكچىلىك قىلىش يوللىرىنى ئىزدەپ ئاتۇش، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق يۇرتلاردىن كۆچۈپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئەينى زاماندا موڭغۇلىيىگە ئۇيغۇرنىڭ تاماقلىرى، يېزا ئىگىلىك ۋە قۇرۇلۇش قاتارلىق ھەر خىل ھۈنەر كەسىپلىرىنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە موڭغۇلىيىگە ئېلىپ كېلىپ چارۋىچى موڭغۇل خەلقى ۋە ھۆكۈمىتىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولغانلىقىنى موڭغۇلىيىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، 1957 ـ يىلى موڭغۇلىيىدىن ۋەتەنگە قايتقان

ئابدۇراخمان ئەبەي ئەپەندى ئۆزنىڭ ۋە بارلىق موڭغۇلىيىدە ياشىغان ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ هايات سەرگۈزەشتىللىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ يازغان “موڭغۇلىيىدىن ۋەتىنىگە قايتقان ئۇيغۇرلار” ناملىق ماقالىسىدە شەرھلەيدۇ [49] .

## ئاخىرقى سۆز

بۇ يىغىن ئاياغلاشتى. بۇ يىغىن موڭغۇل يايلاقلىرىدا ئۇيغۇرنىڭ ئاتا تۇپرىقى ئورخۇن بويلىرىدا بىر هەپتە داۋام قىلىپ، يىغىنغا قاتناشقان ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرىنىڭ قەلبىگە جۇملىدىن ئۇيغۇرنىڭ يۈرىكىگە چوڭقۇر هاياجانلارنى، تولۇپ تاشقان ئارزۇ ئارمانلارنى، ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىملەرنى قالدۇرۇپ ئاياغلاشتى...

بۇ يىغىن بىزگە بىر قىممەتلىك دەرسخانا، ئۇيغۇرنىڭ كېلەچىكىگە ئارزۇ ئۈمىدلەرنى، قۇتۇلۇش يولىمىزدا يېڭى نىشانلارنى ئاتا قىلغان بىر تارىخىي ئەهمىيەتكە ئىگە يىغىن بولدى. خۇددى بىز بۇ يىل فېۋرالدا ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى مەركىزىنىڭ تارىختىكى هۇن بوۋىلىرىمىزنىڭ هازىرقى دۆلىتى ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا ئۆتكۈزگەن يىغىنىغا ئوخشاش بىزگە بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى، تارىختىكى كۈشەندە دۈشمىنىمىزگە قارشى تۇرالايدىغان بىر كۈچلۈك بىرلىكسەپكە ئىگە تارىخىي قان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بۇ دۇنيادا مەۋجۇتلۇقىنى، بىز بىلەن هەر ۋاقىت بىر سەپتە تۇرىدىغانلىقىنى قايتىدىن ئەسلەتكىنىگە ئوخشاش بۇ نۆۋەتلىك يىغىنىدىمۇ ئەينەن تەكرارلاندى...



مەيلى بىز قىزىل باتۇر شەھىرىدىكى ھەشەمەتلىك يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلاردا بولايلى ياكى كۆلتېكىن، بىلگە قاغان مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىنى زىيارەت قىلايلى ياكى خانىۋەيرانچىلىقتا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى مۆكچەيگەن دۆڭلۈكلەر ئارقىلىقلا بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىق (قارابالاساغۇن) شەھەر خارابىلىرىنى زىيارەت قىلايلى ياكى بولمىسا گۈزەل موڭغۇل يايلاقلىرىنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىدە پەيدا بولۇپ قالغان ئېزىتقۇ چىغىر يوللارنى بويلاپ خىيال دەرياسىغا غەرق بولۇپ سۈكۈتتە ماڭايلى، ھەر كاللىدا ھەر بىر دەقىقىدە بىرلا سوئال ۋىجدانىمىزنى تىلغىدى... ئۇ بولسىمۇ "ئەي ئۇيغۇر، سېنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى قىسمىتىڭ قانداق بولار؟ ياكى مىلادى 843 يىلىدىكىدەك ئۇيغۇر سەركەردىسى كۆل بۇقىنىڭ ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلىپ قىرغىزلارنى باشلاپ كېلىپ ئۆز ۋەتىنىنى گۇمران قىلغىنىدەك ياكى 1678 - يىلى ئىسلام تونىنى كىيگەن ئىشان ئاپئاق غوجا جۇڭغارلارنى (ئورىيات موڭغۇللىرى) باشلاپ كېلىپ سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىنى مۇنقەرز قىلغىنىدەك ۋەياكى 1877 - يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئەڭ ئاخىرقى بىر نۆۋەت مانجۇ خىتاي ئىشغالىيەتچى كۈچلىرىنى شەرقىي تۈركىستان تۇپرىقىدىن قوغلاپ چىقارغان ۋە 10 يىل مۇستەقىل دۆلەت سورىغان قەشقەرىيىنىڭ ئەمىر بەدۆلەت ياقۇپ بەگنى كورلىدا خوتەنلىك نىياز بەگنىڭ زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرگىنىدەك ۋە بۇ سەۋەبتىن ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ تۇنجى نۆۋەت ئۇزۇل كېسىل مۇستەملىكىگە چۈشۈشىگە ئېلىپ بارغان تىراگېدىيىلەردەك ئۇيغۇرنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن مەلئۇنلار سېنى يەنە قايسى ئوتلارغا تاشلاپ كۆيدۈرەر؟!

سەن بۈگۈنكى ھالىتىڭدە قانچە ئۇزاق زۇلۇمغا مەھكۇم بولۇپ ياشارسەن؟ شۇ قۇتلۇق كۈننى ئۆز دۆلىتىڭنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ دۇنيادا بىر مىللەت ۋە دۆلەت سۈپىتىدە بۈگۈن ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان ئانا ۋەتىنىڭدە ئۆز زېمىنىڭغا، تىلىڭغا، باشلىقلىرىڭغا ئۆزۈڭ خوجايىن بولۇپ ياشايدىغان ئۇيغۇرنىڭ مۇستەقىل دۆلەتكە ئېرىشىدىغان كۈنلىرى قاچان كېلەر؟! يەنە......يەنە..." تەبىئىيكى بۇ جاۋابسىز قالغان سوراقلارغا جاۋاب تېپىش ئارمانلىرى بىلەن يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھاياتلىرىنى تەقدىم قىلىش بەدىلىگە كۈرەش قىلغان كۈرەشچان ئەجدادلار روھىنىڭ بۈگۈن بىز تاۋاپ قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىق خارابىلىقلىرىدە، ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ قەلبلىرىدە ۋىجدان سوراقلىرى بولۇپ قايتىدىن نامايان بولماقتا......

*"بۇ دۇنيادا ئۆلمەيدىغان ئۇلۇغ ھۆكۈمدارلار يوق، ئەڭ كۈچلۈك ئىمپېرىيىلەرمۇ ھامان گۇمران بولۇپ كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ خاتىرىسىدىن غايىب بولىدۇ ئەمما ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ئىنسانلارغا تەۋە بولۇپ ھاياتلىق داۋاملىشىدىكەن، ئىنسان ئەجدادلىرىنىڭ تارىخ مۇساپىسىدە ياراتقان ئەقىل پاراسەت جەۋھەرلىرى، مەدەنىيەت ئاڭ قۇرۇلمىلىرى، مەدەنىي ۋە تارىخىي مىراسلىرى بۈگۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا ئۆز رولىنى داۋاملىق ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ ."*

*بىر مىللەتنىڭ تارىخى ئۇ ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ ئەينىكىدۇر. ئۇ ئەينەككە قاراپ ئۆز تارىخىنى ياخشى ئۆگەنمىگەن، تارىخىدا ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ساۋاقلىرىدىن ئىبرەت ئالمىغان مىللەت كەلگۈسى ئۈچۈن ئۆز تارىخىنى يارىتالمايدۇ .*

بۇ يازمامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى سۈپىتىدە بۇ نۆۋەتلىك ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى مەركىزىنىڭ ساھىپخانلىغى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن "3 نۆۋەتلىك ئورال ئالتاي قەلەمكەشلىرى بىرلىكى قۇرۇلتىيى" نىڭ غەلبىلىك ئاياغلاشقانلىقىنى چىن يۈرىكىمدىن قۇتلۇقلايمەن! ئۇيغۇر قەلەمكەشلەر مەركىزىدە خالىس پىداكارلىق قىلىۋاتقان قەيسەر ئۆزھۆن ئەپەندى قاتارلىق دوستلارغا، سەپداشلىرىمغا مىننەدارلىغىمنى بىلدۈرىمەن ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن تېخىمۇ كوپ ئۇيغۇر يازارلىرىنىڭ بۇ سەپىمىزگە قوشۇلۇشىنى، مىللەت بىز بۇ بىر ئەۋلادقا يۈكلىگەن ۋىجدانىي بۇرۇچلارنى بىرلىكتە ئادا قىلىش يولىدا قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ئۇيغۇرنىڭ پارلاق ئەتىسى ئۈچۈن يېڭى سەپەرگە ئاتلىنىشىنى سەممىيەتلىك مۇراجىئەت قىلىمەن.

2011 - يىلى، ئاۋغۇست
ئۇلانباتور - ئالمۇتا - لوندون

# ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمىي نەزەر

## ئۇيغۇرلاردا ئىنتېرنېتنىڭ قوللىنىلىشى ئەركىن پىكىر بايان قىلىشنىڭ ۋاستىسى

**كىرىش سۆز**[50]

ئۇزاق مەزگىللەرنى بېسىپ ئۆتكەن كومپيۇتېر تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا كومپيۇتېرنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ بۇ تېخنىكا ئىنقىلابىدىن ئۆز ئورنىنى تېپىشقا ھەر ھالدا ئۈلگۈرەلىدى. كومپيۇتېر ئۈچۈر تېخنىكىسى ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىشىغا ئەگىشىپ ئوڭ تاناسىپ ھالدا ئىنتېرنېت - تور ئۇچۇر ئالاقىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىپ تىز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشىدىكى زامان ۋە ماكان چەكلىمىسىگە ئۇچراشتەك كونا قېلىپنى بۇزۇپ تاشلاپ يېڭى بىر ئۇچۇر دەۋرنى باشلىدى .

ئۇنداقتا ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئەڭ ئاچچىق قىسمەت ۋە تراگېدىيىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن ئۆتكەنكى ئەسىرنىڭ ئاخىرقى 10 يىلى بۇ ئەسىرنىڭ بىرىنچى 10 يىلىدا يېڭى ئۇچۇر ئالاقە تېخنىكىسى ئىنتېرنېت تورى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە قانداق ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ 1949 - يىلى خىتاي دۆلەت تەركىبىگە قوشۇۋالغان ۋە 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننى دەپ نام بېرىلگەن ئۇيغۇر ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) ۋە بۇ ئەلنىڭ يەرلىك ئېتنىك مىللىتى بولغان ئۇيغۇرلار ئۆز نارازىلىقلىرىنى خىتاي ھۆكۈمىتىگە بىلدۈرۈشتە، پىكرى ئەركىنلىكى ھوقۇقىنى قوللىنىشتا زۆرۈر ۋاستە بولغان ئىنتېرنېت تور ئالاقىسىنىڭ رولى قانداق بولدى؟ خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىنتېرنېت تورى - ئەركىن ئۇچۇر

ئالاقىلەرنى قاتتىق كونترول قىلىش ھەرىكىتى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتېرنېت تور ئۇچۇر ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆز جەمئىيىتىدىكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىشى ۋە ھەل قىلىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىشى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جەريانلىرى قانداق راۋاجلاندى ۋە قانداق ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى؟ ئۇيغۇرلار دۇنيا ئىنتېرنېت تورىدا مەۋجۇتمۇ؟ ئەگەردە مەۋجۇت بولسا كۆلىمى ۋە ئورنى قانچىلىك؟ بۇ ماقالە دەل يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن مەسىلىلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۇيغۇرلاردا ئىنتېرنېت تورىنىڭ قوللىنىلىشى ۋە ئۇنىڭ ئەركىن پىكىر بايان قىلىشتىكى ئەھمىيەتلىرى ماھىيەتلىك تەھلىل قىلىنىدۇ .

مەزكۇر ماقالىنىڭ مەركەزلىك ئوبيېكتى[51] ئۇيغۇرلارنىڭ (شەرقىي تۈركىستاندىكى) بۇ دۇنياۋى ئۇچۇر ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى ئىنتېرنېت تورنى قانداق ئۆزلىرىگە ئۆزلەشتۈرگەنلىكىدىن تارتىپ بۈگۈنكى ئەھۋاللىرى 2009 - يىلى يۈز بەرگەن "5 - ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى" نىڭ ئالدى - كەينىدە بولۇپ ئوتكەن ئۇيغۇر ۋە خەن (خىتاي) مىللىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئېتنىك توقۇنۇشلارغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ۋەقەدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رايوندىكى ئىنتېرنېت ۋە ئۇچۇر ئالاقىلىرىنى بىر يىلغا قەدەر ئۈزۈۋەتكەنلىكى، تاكى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر كوپ ساندىكى ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ  تاقاقلىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئوز ئالدىغا راۋاجلاندۇرغان ئىنتېرنېت تور - ئالاقە ئۇچۇر ۋاستىللىرىغا قارتا ئىجرا قىلىۋاتقان تەقىبلەش سىياسىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرلىرى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ خىلدىكى سىياسىتىگە خەلقئارانىڭ قانداق ئىنكاستا بولغانلىقى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىچىدىكى ئىنتېرنېت تور ئالاقە ۋاستىلىرىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان چەكلىك باغلىنىشلىرى قاتارلىق بىر تۈرلۈك ئامىللار ئۇيغۇر ۋەتىنىدە ۋە دۇنيادا بولۇپ ئوتكەن ۋەقەلىكلەرگە بىرلەشتۈرۈلۈپ مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدۇ.

## ئۇيغۇر ئىنتېرنېت - توربەتچىلىك تەرەققىياتىغا بىر نەزەر

ئىنسانىيەت پەن  مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى بىر ئۇچۇر - ئالاقە دەۋرى  ئىنتېرنېت (world wide web = www)  تور ئارقىلىق ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش 1991 - يىلى 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئەنگلىيىلىك كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى Tim Berners-lee[52] تەرىپىدىن ئېلان قىلغان تۇنجى تور بەتتىن باشلانغان بولۇپ بۇ قىسقىغىنە 20 يىللىق دۇنيا ئىنتېرنېت تەرەققىياتىنىڭ مۇساپىسى ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر - ئالاقە ئىشلىرىنى پەۋقۇلئاددە ئاسانلاشتۇردى ۋە بۇ يېڭى ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى تېز سۈرئەت بىلەن دۇنيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارقالدى .

جۇملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ بۇ يېڭى ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىشتىن سىرتتا قالمىدى ئەلۋەتتە. ئۇيغۇر ئېلىدە كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېت پروگراممىلىرىغا قىزىقىش ۋە دەسلەپكى تۈردە ئۇيغۇر تىلىدىكى يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلەش ئۇيغۇر ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا 1990 - يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن باشلانغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس كومپيۇتېر دەرسلىكلىرى تۈزۈلۈپ چىقىلغان ئىدى. ئىنتېرنېتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ ئىنتېرنېت مۇلازىمەتلىرى تەمىنلەيدىغان ئۇچۇر - ئالاقە شىركەتلىرىمۇ قۇرۇلۇشقا باشلىدى ۋە بۇنىڭغا

ئۇلىنىپلا نۇرغۇنلىغان يېڭى تېخنىكىلارغا ھەۋەسمەن ئىقتىدارلىق ئۇيغۇر ياشلىرى بۇ ساھەدە ئىزدىنىشنى باشلىۋەتتى .

گەرچە ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر يېزىقى كونا يېزىقنى (ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى) ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە ئەينەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئۇيغۇر يۇمشاق دېتاللىرى تېخى تولۇق ياساپ چىقىلمىغان شارائىتتا بۇ يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ ئارقىدا قېلىشنى راۋا كۆرمىگەن مېھنەتچان ئۇيغۇر زىيالىيلىرىمىز زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ تۇنجى ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنى ياساپ چىقتى. بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئىنتېرنېت تور تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى ھۇلىنى سالغان تۆھپىكار ياشلىرىمىزدىن نىجات، دىلمۇرات، تۇرسۇن ئەپەندىلەرنى ھۆرمەت بىلەن ئېسىمىزگە ئالىمىز [53].

ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتى تېخى كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتنىڭ نېمىلىكىنى چۈشىنىشكە ئۈلگۈرۈپ يېتەلمىگەن بىر ۋاقىتتا ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ رويابقا چىقىشى ۋە يېڭىلىقنى ئۆگىنىشكە تەشنا ياشلىرىمىز بىلەن ئۈچرىششى ئۇيغۇر ھاياتىغا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ تىپىك ۋەكىلى سۈپىتىدە 1999 - يىلى ياسالغان ۋە ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا كەڭ تونۇشلۇق بولغان ماكانىم، ئۇيغۇرسوفت ۋە ئالماسسوفت قاتارلىق توربەتلىرىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتەلەيمىز. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ تۇنجى ئاساسىنى سالغان ماكانىم تور بېكىتىنىڭ تۆھپىلىرى ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ .

دۇنيا توربەتلەر ئارخىپى (Internet Archive)[54] نىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە 1996 - يىلدىن ھازىرغىچە پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 150 مىلياردتىن ئارتۇق توربېكەتلەر ئارخىپقا ئېلىنغان بولۇپ [55]"makanim. com" ، [56]"uyghursoft. com" قاتارلىق ئەڭ بالدۇر ياسالغان بىر قانچە ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ ئارخىپلىرى تەپسىلىي كۆرسىتىلگەن .

گەرچە ئۇيغۇرسوفت ۋە ئالماسسوفت قاتارلىق بىرقانچە ئۇيغۇر يۇمشاق دېتاللارنى تەرەققىي قىلدۇرغان كەسپىي توربېكەتلەر ماكانىم توربېكىتىدىن بۇرۇن خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئۇيغۇر توربەتچىلىكىنىڭ دەسلەپكى ئاساسىنى سالغان  بولسىمۇ ئەمما بۇ توربېكەتلەرنىڭ كومپيۇتېر يۇمشاق دېتاللارنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە سېتىشتىن ئىبارەت كاسپىي تىجارەتنى ئاساس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىغىچە كېڭىيەلمىگەن ياكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تەشنا بولۇۋاتقان ھەر ساھەدىكى يېڭىلىققا تەلپۈنۈش ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان .

مانا بۇ بوشلۇقلارنى 1999 - يىلى نىجات ئەپەندى تەرىپىدىن ئېچىلغان تۇنجى ئۇيغۇر ئاممۋى توربېكىتى <makanim. com> - چەكلىك دەرىجىدە تولدۇردى دەپ جەزم قىلالايمىز.

ماكانىم توربېكىتى ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ياشلارنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشنى قوزغىغان ۋە شۆھرىتى زور بولغان توربېكەت بولۇپلا قالماستىن ۋەتەن سىرتىدىمۇ ئالقىشقا سازاۋەر بولغان توربېكەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇيغۇر توربەتچىلىكىدە ماكانىم توربېكىتى ئەينى ۋاقىتتا تۇنجى بولۇپ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىغا ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت ئۇچۇرلار

بىلەن تەمىنلىگەن، ناخشا ـ مۇزىكىلارنى تورغا ئېلىپ چىققان تور بېكەتدۇر. ماكانىم توربېكىتىنىڭ شۇ قەدەر مەشھۇر بولۇپ كېتىشىنىڭ يەنە بىر ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايدىغان ئارتۇقچىلىقى ئۇنىڭ “ماكانىم چايخانىسى” دۇر. بۇ يەردە تارىخقا ئايلانغان ماكانىم توربېكىتىنى تېخىمۇ ياخشىراق بىلىش ئۈچۈن قىسقىغىنە قىلىپ ئۆزۈمنىڭ ياۋروپاغا مۇساپىر بولۇپ كەلگەن تۇنجى يىلىدا “ماكانىم چايخانىسى” دا ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىمدىن ئوقۇرمەنلەرنى خەۋەردار قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. شۇنى شەرھلەپ ئۆتۈش كېرەككى ئەينى ۋاقىتتا خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىنتېرنېت تورىغا بولغان كونتروللۇقى تېخى مۇكەممەل بىر سىستېمىلىق شەكىلدە تەشكىل قىلىنمىغان ياكى ئىجرا قىلىنمىغان بولۇپ ماكانىم توربېكىتىنىڭ “چايخانىسى” ئەينى ۋاقىتتا ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇچرىشىدىغان ئورتاق ماكانى ئىدى ۋە بۇ توربېكىتتە كۆپىنچە ۋاقىتلاردا خىتاي “سەزگۈر” دەپ قارايدىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلەر بولاتتى.

ئېسىمدە قېلىشىچە بىر كۈنلۈك ئىشىمنى تاماملىغاندىن كېيىن قىلىدىغان تۇنجى ئىشىم ئىنتېرنېت كافىسى تېپىپ ماكانىم توربېكىتىگە كىرىش ۋە “ماكانىم چايخانىسى” دا چاي ئىچكەچ ۋەتەندىكى ياشلار بىلەن پاراڭلىشىش بولاتتى ...

رەسىم 01: 2000 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى <makanim.com> توربېكىتىنىڭ كۆرۈنۈشى. مەنبە <web.archive.org> دىن ئېلىندى.




بۇ دەل 2000 ـ يىلى بولۇپ ياۋروپادا مەن تۇرغان شەھەردىكى ياشلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇ ماكانىم چايخانىسىدا پاراڭلىشاتتى.

بۇ چايخانىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىر سۆھبەت گۇرۇپپىسىدا ئاساسەن دېگەندەك قانداق پاراڭلارنىڭ بولۇنۇۋاتقانلىقى ئېكراندىن ئۆتۈپ تۇراتتى ۋە بۇ گۇرۇپپىغا كىرگەن ھەممە كىشىلەر يېزىلىپ ئۆتۈۋاتقان خەتلەرنى ئۆز ئارا ئوقۇيالايتتى. چايخانىدىكى سۆھبەتلەر بەزىدە تىنچ، سىلىق بولسا بەزىدە كەسكىن بولاتتى. “سەزگۇر” تېمىلار ئۈستىدە سۆھبەت دائىم بولۇپ تۇراتتى ھەتتا بەزىدە “ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان! ”، “خىتايلار يوقالسۇن!” دېگەندەك شوئارلارمۇ يېزىلىپ تۇراتتى. ئەمما ئۇزاققا بارمايلا بۇ ماكانىم توربېكىتىنىڭ

ئېچىلماس بولۇپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. ئاخىرى ماكانىم توربېكىتى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن ئۇن تىنسىزلا غايىب بولدى.

ماكانىم توربېكىتىنىڭ تاقىلىشى ئەينى ۋاقىتتا ھېچ بىر ئۇيغۇر ياشلىرى كۆرۈشنى خالىمايدىغان بىر رېئاللىق ئىدى. ئەسلىمىلىرىمىنىڭ ئاخىرىدا ماكانى توربېكىتى توغرىسىدىكى بۇ بايانلارنى ماكانىم توربېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى نىجات ئەپەندىنىڭ بىر دوستىغا ئېيتقان بۇ سۆزلىرى بىلەن ئاياغلاشتۇرىمەن: “پىچاق تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان نەرسە ئەمما ئۇ كۆزىگە قان تولغان ئادەمنىڭ قولىغا چۈشسە قاتىللىق قورالىغا ئايلىنىدۇ” [57].

## ئىنتېرنېت ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان پىكىر ئەركىنلىكىنى ئىپادىلەشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلانغان دەۋر

### ▪ ئۇيغۇر توربەتچىلىكىنىڭ ئومۇمىي راۋاجلىنىشى

21 ـ ئەسىرنىڭ كىرىشى بىلەن ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرنېتنىڭ قوللىنىش سالمىقىنىڭ ئېششىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ياشلىرى ۋە ئوتتۇرا ياشتىكىلەرنىڭ ئىنتېرنېتقا بولغان قىزىقىشىنىڭ كېڭىيىشى نەتىجىسىدە ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ سانى ۋە كۆلىمى كۈنسايىن زورىيىشقا قاراپ يۈزلەندى .

دەسلەپتە ئۇيغۇر توربېكەتلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك دېگەندەك مەزمۇن جەھەتتىن ئاساسەن بىر خىل ئۇسۇلۇپتا راۋاجلىنىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇر تارىخىنى بايان قىلىش، ئەدەبىي ئەسەرلەر بەتلىرىنى ئېچىش، زور سالماقتا ناخشا ئۇسۇل، ئاۋازلىق ئەسەرلەر، سىن فىلىملىرى (كىنو قانالىرى ۋە MTV ۋىدېيولار) قاتارلىق كوپخىل ۋاستىلەرنى قويۇش ، چايخانا ۋە BBS يەنى مۇنبەر ـ پىكىر قىلىش سەھىپىلىرىنى ئېچىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئوز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئوخشاش قېلىپتا راۋاجلىنىش ۋە يېڭى مەزمۇنلارنى تەكرار ئۆز ئارا كۆچۈپ بېرىش، تېخنىكىلىق جەھەتتىن ئوخشاش مودېللارنى قوللىنىشتەك يۈزلىنىش بىلەن راۋاجلانغان بولسا بولۇپمۇ ئۇيغۇر كومپيۇتېر مۇتەخەسسىسى غەيرەت كەنجى ئەپەندىنىڭ زور تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئۇيغۇرچە خەت تەھرىرلىگۈچى يۇمشاق دېتالنى ئىجاد قىلىشى يەنى ئۇيغۇر كونا يېزىق ئېلىپبەسىنى توربەتلەردە بىۋاستە كۆرستىش ۋە ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى (UKY) يەنى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ رومان (لاتىن) ئېلىپبەسىدە يېزىلىشى (ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى) بىلەن ئۇيغۇر كونا يېزىقى (ئۇيغۇر ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق) ئۆز ـ ئارا بىر بىرىگە ئۇيغۇر خەت تەھرىرلىگۈچى (ئۇيغۇر ئېدىت) ئارقىلىق ياكى ئەڭ يېقىنقى ئۇيغۇر كونا يېزىقنى بىۋاستە ـ <Windows office سىستېمىسىدا تەھرىرلەش قاتارلىق ئەڭ قۇلايلىق يۇمشاق دېتال تېخنىكىلىرىنىڭ مەيدانغا كەلتۈرۈلۈشى بىلەن ئۇيغۇر تور دۇنياسىدا ئۇيغۇر كونا يېزىقى ئېلىپبەسى بويىچە ئىشلەنگەن توربەتلەر ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشكە باشلىدى .

خۇددى پۈتۈن دۇنيادا ئىنتېرنېت توربېكەتلىرى تۈنجى نەشر قىلىنغاندىن بۇيان ھازىرغا قەدەر قانچە مىليارد توربېكەتنىڭ بارلىقنى ئېنىق ستاتىستىكا قىلىش تەس بولغاندەك ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ سانىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېسابلاپ چىقىشمۇ قىيىن بىر مەسىلە ئەمما ئوغلان ئەھمەت ئىسملىك بىر ئۇيغۇر تەرىپىدىن 2003 - يىلى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى Yahoo "ئۇيغۇرلار خەت ئالاقە گۇرۇپپىسى" غا ئېلخەت ئارقىلىق يوللانغان "ئۇيغۇرلار ۋە ئىنتېرنېت" ناملىق ماقالىدا بۇ ھەقتە بىر يۈزەكى يىپ ئۇچى ئوتتۇرىغا قويۇلغان[58] .

بۇ ماقالىدا كۆرستىلىشىچە 2005- يىلىغا قەدەر ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ سانى 4200 گە يەتكەن. "كومپيۇتېر ۋە تۇرمۇش" ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىللىق 1 - سانىدا خەۋەر قىلىشىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مىقياسىدا يېڭىدىن 1777 توربېكەتنىڭ ئېچىلغانلىقى، بۇلارنىڭ ئىچىدە 800 دىن ئارتۇق توربېكەتلەرنىڭ رايوندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقىدىكى توربېكەتلەر ئىكەنلىكى كۆرستىلگەن .

ئۇيغۇر توربەتچىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى توربېكەتلەرنىڭ كەسپلىشىشى يەنى مەخسۇس تۈرلەرگە مەركەزلىشىشتەك يېڭى بىر تەرەققىيات يۆلۈنۈشىنى مەيدانغا كەلتۈردى. 2002 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن ئۇيغۇرلار ئۆز ئالدىغا ئاچقان توربېكەتلەر مائارىپ، تارىخ، پەن - مەدەنىيەت، ئىلمى تەتقىقات، ئەدەبىيات، تېببىي ئىلىم، كارخانىلار، مالىيە تىجارى كەسپلەر قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ساھەلەردە كەسپلەشكەن ئۇيغۇر توربېكەتلىرى مەيدانغا كېلىشكە باشلىدى. بۇ توربېكەتلەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ۋە خىتاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتقان ئۇيغۇربىز، دىيارىم، شەبنەم، سالقىن قاتارلىق بىر قانچە ئۇنۋېرسال توربېكەتلەرنى مىسال قىلىپ كۆرستىشكە بولىدۇ.

## ▪ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتېرنېت تورى ئارقىلىق ئۆز جەمئىيتىنى ئۆزگەرتىش ئىستەكلىرى:

### ئۇيغۇر جەمئىيتىدىكى ئاجىز، يېتىم - يېسىرلارغا تور ئارقىلىق ياردەم قىلىش سەپەرۋەرلىكلىرى

ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات پائالىيتىدە جۈملىدىن ئۆزلىرى پەيدا قىلغان مۆجىزىلىرىدە مۇقەررەر ھالدا يوقلۇقتىن بارلىققا، كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە يۈزلىنىدۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بۇ تەرەققىياتلارنىڭ قارشىسىغا مېڭىپ زاۋاللىقمۇ يۈزلىنىدۇ. بۇ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولۇپ كەلگەن ئىنسانلار جەمئىيتىنىڭ تەبئىي تەرەققىيات جەريانىدۇر. ئۇيغۇرلارمۇ بىر مىللەت سۈپىتىدە بۇ ئىنسانلار تەبئىي قانۇندىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ئۆزلىرى ياشاۋاتقان دۆلەتتە، تار جەھەتتىن ئالغاندا ئۆزلىرى ياشاۋاتقان چەكلىك جەمئىيەتتە ئۆزنى ئۆزى دۆلەت قۇرۇپ ئىدارە قىلغان دەۋرلەردە بولسۇن ياكى باشقا مىللەت (دۆلەت) نىڭ باشقۇرۇشىدا ياشىغان دەۋرلەردە بولسۇن ئۆز قوۋمىغا ئىگە چىقىشنى، بىر بىرلىرىگە مېھىر - شەپقەت، مۇھەببەت يەتكۈزۈشنى ھەر ۋاقىت

مىللەت ۋە ئەخلاقىي بۇرچى دەپ بىلىپ كەلگەن مىللەتتۇر. شۇڭا بۇ ھەقتە خەلقىمىز “ئىش بىرلىكتە، كۈچ ئۆملۈكتە” دېگەن ئاتا سۆزىنى پۈتۈپ بىزگە مىراس قالدۇرغان .

دېمەك يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمدەك يېڭى ئەسىردىكى يېڭى تېخنىكا - ئۇيغۇر توربەتچىلىكىنىڭ تېز سۈرەتتە تەرەققىي قىلىشى مۇئەييەن باسقۇچتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. خەلقىمىز ئۆز ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۆز جەمئىيىتىدىكى ناھايىتى چەكلىك ئىمكانىيەت ئىنتېرنېت تورى - ئۇيغۇر توربېكەتلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشنى باشلىۋەتتى. بۇ نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا بىر جەمئىيەتتىكى نارازىلىقنىڭ ياكى پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ ئىنتېرنېت توربېكەتلىرىدە ئىپادە قىلىنىشىدەك يېڭى بىر شەكىلدۇر .

ئۇيغۇر توربېكەتلىرىدە ئۆز خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ ئىزدىنىشلەر تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تېمىلارغا مەركەزلەشكەن بولۇپ ئاساسلىقى ئۇيغۇر ياشلارنى نىشان قىلغان ھالدا ئۇيغۇر مىللىي كىملىك، ئەدەپ ئەخلاق ۋە ئىسلامى دىنىي تەربىيىلەرنى بېرىشنى مەقسەت قىلغان تېمىلارنى كۆپلەپ بېرىش، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇيغۇر رايونىدا خىتاي دۆلىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى بويىچە ھۆكۈمەت ۋە مائارىپتا رەسمىي شەكىلدە ياكى خىتاي تىلى بىلەن تەڭ دەرىجىدە قوللىنىشىنى تەشەببۇس قىلىش، ئىنسان ھەقلىرى بىلىملىرى بىلەن تەمىنلەش، مۇنبەر سەھىپىلىرىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈزبېرىۋاتقان يامان ئىش، يامان ھەرىكەتلەرگە ئۆز ۋاتىدا تەنقىدىي پىكىر بېرىش، ئاساسىي قاتلاملاردىكى دېھقانلارنىڭ دەر ئەلەملىرىنى ئاڭلىتىش ۋە پارىخور ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ جىنايەتلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ يېزىلغان خەتلەرنى ئوچۇق ئېلان قىلىش، خىتايچە توربېكەتلەردە ئېلان قىلىنغان خەلقئارا ۋە خىتاي دۆلىتىنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان پۈترا ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەرخىل سەزگۈر بولغان سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي خەۋەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆز ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىپ توربەتلەرگە قويۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن قانات يايدۇرغان بولۇپ بۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان سىياسىي - ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەش، خەلقىمىزنىڭ قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە كۆۋرۈك بولۇش، نامراتلىقتىن ئوقۇشسىز قالغان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرگە، ئېغىر كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇپ داۋالىنىشقا قۇربى يەتمىگەن ئاجىز بىمارلارغا ۋە يېتىم يېسىرلارغا خالىس ياردەم قىلىش دولقۇنلىرىنى قوزغاش قاتارلىق تۈرلۈك مەزمۇنلارغا مۇجەسسەملەشتۈرۈشىمىز مۇمكىن .

بۇنىڭ مىسالى سۈپىتىدە دۇنيا توربېكەتلەر ئارخىپى (internet archive) ئارقىلىق تېپىپ چىقىلغان “سەبىيلەر (sabilar. org) “ توربېكىتىنىڭ باش بېتىگە بېرىلگەن بىر پارچە خەۋەرنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنماقچىمەن: [59]

بۇ خەۋەر سەبىيلەر توربېكىتىنىڭ باشبېتىگە 2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قويۇلغان بىر مۇراجىئەت خاراكتېرىدىكى بايانات بولۇپ، ئۇنىڭدا بېرىلگەن مەلۇمات 2001 - يىلى شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىنىڭ 5 - سانىغا بېسىلغان "شائىرغا كېسەل تەككەن كۈنلەردە" ناملىق ئەسەردىن ئېلىنغانلىقى قەيت قىلىنغان .

رەسىم 02 دە مۇنداق يېزىلغان: (رەسىم 02 گە قارالسۇن)




رەسىم 02: سەبىلەر توربېكىتى 2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى كۆرۈنۈشى: مەنبە <web. archive. org> دىن ئېلىندى.

*[ئاكا سىڭىل ئىككىسى 20 يۇەندىن جەمئىي 40 يۇەن ئوقۇشلۇق پۇلى تولىشى كېرەك ئىكەن. 360 كۈن، تاڭدىن شامغىچە ئىشلىگەن جاپاكەش ئاتا - ئانا تۈگمەس سېلىق ۋە جەرىمانىلەردىن ئاشۇرۇپ ئاران 20 يۇەن بېرەلەپتۇ. بۇ 20 يۇەننى 13 ياشلىق ئاكا 10 ياشلىق سىڭلىسىغا ئۆتۈنۈپتۇ: "بۇ پۇلنى سىز تۆلەپ كىتاب ئېلىڭ، ياخشى ئوقۇڭ" دەپتۇ*

*سىڭلىسىغا. مەسۇم ئوغۇل سىڭلىسىنى مەكتەپكە ئۇزىتىپ، ئۆزى مەھەللىنىڭ سىرتىغا كېتىپتۇ. كەچتە ئۇنىڭ جەسىتىنى دوڭغاق جىگدىگە ئېسىلىۋالغان يېرىدىن تېپىشىپتۇ...*
"ـشائىرغا كېسەل تەككەن كۈنلەردە". شىنجاڭ مەدەنىيىتى" 2001 ـ يىلى 5 ـ سانى
بۇ پاجىئە خوتەن ۋىلايىتى كېرىيە ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن يەنە قانچىلىغان سەبىيلىرىمىزنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پاجىئەلەر كۈتۈۋاتىدۇ؟ بۇ تور بېكىتىمىزدە شىنجاڭدىكى ئىقتىسادى قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئوقۇشتىن قېلىش خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتقان سەبىيلەر توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى كۆرەلەيسىز. ئۇلارنى مەكتەپ قويىنىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان خالىسلار سەپىگە قوشۇلۇشىڭىزنى چىن دىلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.]

## ▪ دىيارىم توربېكىتىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە يەتكۈزگەن خەيرى ساخاۋەتلىك ئىشلىرى

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئۆسمۈرلەرگە، يېتىم يېسىرلارغا، دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىشقا قۇربى يەتمىگەن بىمارلارغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن توربېكەتلەردە ئىئانە توپلاش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن كىشىلەرگە بولۇپمۇ ئۆسمۈرلەرگە مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزگەن ۋەكىل خاراكتېردىكى ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ بىرى دىيارىم توربېكىتىدۇر .

مەن دىيارىم تورېبكىتى ۋە ئۇنىڭ قۇرغۇچىسى دىلشات پەرھات[60] ئەپەندىنى 2005 ـ يىلى تونۇشقا باشلىغان. شەخسەن مەن ئۆزۈم ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئالاھىدە قىزىققانلىقىم ۋە ۋەتەن ئىچىدە بۇ ساھەدىكى ياشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىستىكىدە بولغانلىقىم ئۈچۈن بىر قانچە قېتىم دىلشات پەرھات ئەپەندى بىلەن ئۇيغۇر توربەتچىلىك تېخنىكىلىرى ئۈستىدە تېلېفون ئارقىلىق پاراڭلاشقان ئىدىم .

بولۇپمۇ 2009 ـ يىلى يۈز بەرگەن "5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" دىن كېيىن دىيارىم، سالقىن، شەبنەم[61] قاتارلىق ئاساسلىق ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى، توربېكەت باشقۇرغۇچىلىرى ۋە تور يازارلىرىنى خىتاينىڭ ئۈرۈمچى دائىرىلىرى قولغا ئالغاندىن كېيىن مەندە خىتاي ھۆكۈمىتىنى شۇ قەدەر چۆچۈتكەن ۋە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تۈرمىگە قامىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ ئۇيغۇر توربەتچىلىكى ئۈستىدە بىر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشنى بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئىنتېرنېت ـ توربېكەتلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىنى قانداق ئەكس ئەتتۈردى ۋەياكى ئوز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر توربېكەتلىرى ئۆز جەمئىيىتىگە قانداق پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى بىلىش ئىستىكىلىرى پەيدە بولغان ئىدى. مانا ئەينەن شۇ مەقسەتتە ئەينى ۋاقىتتا دىيارىم توربېكىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تەڭ شېرىك بولغان چەتئەلدىكى تور باشقۇرغۇچىسى دىلشاد پەرھاتنىڭ ئاكىسى دىلمۇرات پەرھات ئەپەندى بىلەن بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆھبەتلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم .

دىلمۇرات پەرھات ئەپەندىنىڭ ماڭا ئېيتىشىچە دىيارىم تورىپكتى 2005 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇيغۇر ئېلىدىكى نامرات، كېسەل ۋە ئوقۇشسىز قالغان ئۆسمۈرلەرگە ياردەم قىلىش، ئاجىز، ياشانغان ۋە داۋالىنىشقا قۇربى يەتمىگەن بىمارلارغا مېھرى شەپقەت يەتكۈزۈش پائالىيەتلىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي ئېلىپ بارغان. دىلمۇرات ئەپەندى ماڭا ئېسىدە ئېنىق بولغان 2007 ـ يىلىدىن بۇيانقى دىيارىم تورىپكتىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قىسىم خەير ساخاۋەت پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇردى: "2007 ـ يىلى ئاپرېلغىچە دىيارىم تورىپكتىدە قانات يايدۇرۇلغان ئۇرۇمچى يېتىم باللار مەكتىپىگە ئىئانە قىلىش سەپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە جەمئىيەتتىن 75، 000 يۈەن پۇل يىغدى ۋە دىيارىم تور بېكىتى شەخسەن ئۆز نامىدىن بۇ مەكتەپكە 5،000 پۇل ئىئانە قىلدى. ۋە بۇ يىلى 5 ـ ئايدىن 12 ـ ياغىچە بولغان ئارىلىقتا دىيارىم تورىپكتىدە سەپەرۋەرلىك قىلىنغان خوتەنلىك كېسەل قىز رىزۋانگۈل ئابدۇراخماننىڭ داۋالىنىش خىراجىتى ئۈچۈن 45، 000 يۈەن ئىئانە يىغىلغان".

دىلمۇرات ئەپەندى يەنە تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "2008 ـ يىلى 3 ـ ئايدا دىيارىم تورىپكتىدە يەكەنلىك بىر ئۇيغۇر ئۆسمۈرنىڭ بۆرەك ئالماشتۇرۇشقا موھتاج بولغانلىقى ۋە كېيىن بىر خىتاي قىزنىڭ ئۆز بۆرىكىنى بۇ ئۇيغۇر بالىغا تەقدىم قىلغانلىق ئىش ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلغان" .

"دىيارىم تورىپكتى 2008 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 2 ـ ئايغىچە تۇغما يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولغان غۇلجىلىق بىر ئۇيغۇر ئۆسمۈرنىڭ داۋالىنىشىغا ئىئانە توپلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغان ۋە 85،000 يۈەن ئىئانە يىغقان بىراق بۇ بالا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي بەختىگە قارشى ئۆلۈپ كەتكەن...."

دىيارىم تورىپكتى[62] 2003 ـ يىلى دىلشات پەرھات ئەپەندى[63] (ھازىر تۈرمىدە 5 يىللىق جازا مۇددىتىنى ئۆتەۋاتىدۇ) شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ئاممىۋى تورخانىلاردا كېچىكلىرى ئۇخلىماي جاپالىق تەر ئاقتۇرۇشى بەدىلىگە قۇرۇپ چىققان ئۇنىۋېرسال ئۇيغۇر تورىپكتى بولۇپ بۇ تورىپكەت تاكى 2009 ـ يىلى يۈز بەرگەن "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى" باھانىسىدە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تاقىۋېتىلگەنگە قەدەر ئۇيغۇر غۇربەتچىلىكىدە ئەڭ كوپ نەتىجە قازانغان ماكانىم تورىپكتىدىن كېيىنكى مەيدانغا كەلگەن تەسىرى زور بولغان ئۇيغۇر تورىپكتىدۇر .




رەسىم 03: دىيارىم توربېكىتىنىڭ دۇنيا تور ئارخىپى (web archive) دا ساقلانغان 2003 - يىلى 10 - ئاينىڭ 13 - كۈندىكى كۆرۈنۈشى: مەنبە <web. archive. org> دىن ئېلىندى.

## ▪ ئۇيغۇر توربېكەتلىرىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يۈز بېرىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى

ختايدا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىن پىكىر قىلىش ھوقۇقىنى چەكلەش، نارازىلىق پىكىرلەرگە يول قويماسلىق ئومۇمىي مەسىلە بولسا بولۇپمۇ 1990 ـ يىللاردىن باشلاپ ئۇزۇلدۇرمەي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈرلۈك ناملاردىكى "قاتتىق زەربە بېرىش" سىياسىي ھەرىكەتلىرىنىڭ نەتىجىسىدە بۇ خىل ۋەزىيەت تېخىمۇ يامانلاشتى. شەرقىي تۈركىستاندا يېقىنقى 20 يىل ئىچىدىكى يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق زور نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرىگە قارىساق ھەممىسى دېگەندەك ئوخشاشلا ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىنى ئاڭلىماسلىقى ۋە بىر ئامالللار بىلەن تىنچلىق بىلەن باشلانغان نارازىلىق نامايىش ھەرىكەتلىرىنى سۈنئىي ھالدا "قالايمىقانچىلىق" ئايلاندۇرۇشى، نەتىجىدە ختاي ھۆكۈمىتى بۇ ھەرىكەتلەرنى ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ قاتتىق جازالاشنىڭ سەۋەبى قىلىشىدەك ئوخشاش تراگېدىيە بىلەن ئاياغلاشقان بولۇپ ئەڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن، ئاقىۋىتى ئەڭ ئېچىنىشلىق بولغان 2009 ـ يىلىدىكى "5 ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" دۇر .

دېمەك ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ختاي ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈش يوللىرى ئادەتتە ختاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە نارازىلىق خەتلىرىنى سۇنۇش ياكى توپلىنىپ نارازىلىق بىلدۈرۈشتەك ناھايىتى چەكلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق بىلدۈرۈلۈپ كەلگەن بولسا ئۇيغۇرلار دۇنياۋى يېڭى ئۇچۇر تېخنىكىسى ئىنتېرنېت ـ تور ئۇچۇر ئالاقىلىرىنى قوللانغاندىن كېيىن بۇ تار دائىرىلىك نارازىلىق بىلدۈرۈش ئۇسۇلىدىن تور ئالاقىسىنى قوللانغان ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ۋە ختاي ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئومۇمىي دىققىتىنى تارتىدىغان تور ئارقىلىق نارازىلىق بىلدۈرۈشتەك ئۈنۈمى تېز، تارقىلىشى كەڭ يۆلىنىشكە قاراپ يۈزلەندى .

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇيغۇر توربېكەتلىرىدە ئۆز جەمئىيىتىدە يۈزبېرىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىنى ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن:

### 1 . ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ختاينىڭ قانۇن رامكىسى ئىچىدە تۇرۇپ ختاي ھۆكۈمىتىنى ئۆز قانۇنىنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا دەۋەت قىلىش ھەرىكەتلىرى

ختاي ھازىرقى بارلىق مەمۇرى ئۆلكە ۋە ئاتالمىش ئاپتونوم رايونلارنى 1949 ـ يىلى ختاي كوممۇنىستلىرى ختاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇپ چىققاندىن باشلاپ سۈنئىي ھالدا شەكىللەندۈرگەن ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھوقۇقنى چاڭگىلىغا مەركەزلەشتۈرگەن "مەركەزلىك باشقۇرۇش" مېخانىزمى بويىچە دۆلەت باشقۇرۇلۇپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن گەرچە ختايدا پۇقرالارنىڭ پۇقرالىق ھوقۇق مەنپەئەتنى قوغداشتىن تارتىپ "مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى" غىچە ھەرتۈرلۈك قانۇنلارنىڭ ھەممىسى تەستىقلىنىپ، قانۇنىي جەھەتتىن ئىجرا قىلىش كۈچىگە ئىگە بولسىمۇ ئەمما ئىجرا قىلىنىش نىسبىتى

ناھايىتى تۆۋەن بولۇپمۇ بۇ خىل ئەھۋاللار ئۇيغۇر ۋە تىبەت ئاپتونوم رايونلىرىدا ئالاھىدە ئېغىر .

مانا بۇ مەسىلىلەرنى ئاساسىي نىشان قىلىپ 2006 - يىلىدىن باشلاپ تاكى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تاقىۋېتىلگەنگە قەدەر بېيجىڭدا تۇرۇپ ئۇيغۇرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداشتا ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسەتكەن ئۇيغۇر توربېكەتلىرىدىن بىرى ئۇيغۇربىز (uyghuronline we uyghur net) توربېكەتلىرىدۇر .

ئۇيغۇربىز (uyghuronline we uyghur net) توربېكەتلىرىنىڭ قۇرغۇچىسى بېيجىڭ مەركىزى مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى، مۇستەقىل تەتقىقاتچى، ئۇيغۇر قانۇن ۋە ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى ئىلھام توختى ئەپەندىدۇر.[64] uyghurbiz، uyghur online ۋە uyghur net توربېكەتلىرى خىتايدا ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېچىلغان تەسىر دائىرىسى چەتئەل ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەتسىز تەشكىلاتلارغىچە كېڭەيگەن ئاساسلىقى خىتاي تىلدا، قوشۇمچە ئۇيغۇر تىلدا نەشر قىلىنىدىغان توربېكەت بولۇپ "5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" دىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تەخمىنەن 200 دىن ئارتۇق تاقىۋېتىلگەن ئۇيغۇر توربېكەتلىرى قاتارىدا تاقىۋېتىلدى .




رەسىم 04: ئۇيغۇر بىز توربېكىتى 2009 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى كۆرۈنۈشى. بۇ رەسىم ئۇيغۇر بىز توربېكىتىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىندى.

## 2 ـ ئۇيغۇر دېھقانلىرى خىتاينىڭ قانۇننى يېڭىدىن بايقىشى ۋە بۇ قانۇنلار ئارقىلىق ئۆز مەنپەئىتىنى قوغداشقا ئۇرۇنۇشى

ئىنتېرنېت ۋە ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ يېزا قىشلاقلارغىچە يېتىپ بېرىشى ـ دېھقانلارنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان نارازىلىقىنى ئۇيغۇر توربېكەتلىرى ۋە YouTube [65] ۋىدىيو قانالىرى ئارقىلىق دۇنياغا ئاڭلىتىشىدەك يېڭى بىر سەھىپىنى ئاچقان ئىدى. يەنى 2007 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىدە دېھقانلار ئۇزۇن يۇرچاق (جاگدۇ) تېرىشقا مەجبۇرلانغان بولۇپ، بۇ ئىش ئاقىۋىتىدە ناھىيىدىكى دېھقانلىرىنىڭ 50 مىليون يۈەن زىيان تارتىشى بىلەن ئاياغلاشقان. بۇ ناھەقچىلىكلەرگە چىداپ تۇرۇلمىغان دېھقانلاردىن ھېكىم سېيىت باشچىلىقىدىكى دېھقانلار ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارى يى شياۋلياڭ ئۈستىدىن 2 يىلدىن بۇيان ئەرز قىلىپ قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋە بېيجىڭغا نەچچە نۆۋەت بارغان ئەمما ئەرزىنى ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن مەرھۇم ئۇيغۇر شائىرى روزى سايىت يازغان "دېھقان بولماق تەس" ناملىق ساتىرىك شېئىر ئاساسىدا 62 مىنۇتلۇق "يېڭىساردا دېھقان بولماق تەس" دېگەن نامدىكى ۋىدىيو فىلىمى ئىشلەپ YouTube ۋىدىيو توربېكىتىدە ئېلان قىلغان[66] .

## زامان ۋە ماكاننىڭ چەكلىمىسىز ئالاقە: ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ توربېكەتلەر ئارقىلىق باغلىنىشى

گەرچە خىتاي ئىنتېرنېت[67] ۋە تور ئالاقىلىرىگە ئەزەلدىن چەكلىمىلەر قويۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ مەركەزلىك ھالدا غەرب دۆلەتلىرىدە ياشاۋاتقان مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى) ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان تور ئالاقىلىرى 2000 ـ يىللاردىن باشلاپ بىر بىرقەدەر قويۇقلاشقان .

خىتاينىڭ ئىنتېرنېتقا بولغان قاماللىغى 2008 ـ يىلىدىكى بېيجىڭ ئولىمپىك مۇسابىقىسىنىڭ ھارپىسىدىن باشلاپ ھەسسىلەپ كۈچەيدى ئەمما ئىنتېرنېت تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ ئىنتېرنېت ئارقىلىق ئالاقىلىشىش كونا ئۇسۇلدىكى پەقەت توربېكەتلەرگە ياكى ئېلخەتلەرگە تايىنىپ ئالاقىلىشىشتىن كوپ ۋاستىلىك ئالاقىلىششكە قاراپ يۈزلەندى. يەنى skype, msn, youtube, facebook, twiter, mysaspace قاتارلىق كوپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىجتىمائىي ئالاقە كەسپىي توربېكەتلىرىنىڭ، مىكرو بلوگلارنىڭ ۋە يانفون ئارقىلىق كۆرگىلى بولىدىغان توربېكەتلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ھەم يېقىندىن بۇيان ئىنتېرنېت مونوپولى Googleنىڭ تېلېفون ئارقىلىق سۆزلەشكەن ئاۋازنى تېكىستكە ئايلاندۇرۇپ توردا نەشر قىلغىلى بولىدىغان يېڭى بىر تېخنىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى پىكىر ئەركىنلىكىگە يول قويمايدىغان خىتايدەك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىنتېرنېت ئالاقىلىرىنى توسۇپ ئۇلگۇرەلمەسلىكىدەك كاتىستروپىك بىر ۋەزىيەت شەكىللەندۈردى. خىتاي دۇنيا بويىچە ئىنتېرنېت ئەڭ كوپ قوللىنىلىدىغان دۆلەت بولۇپ، دۇنيا ئىنتېرنېت ستاتىستىكىسى توربېكىتىنىڭ 2010 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئېلان قىلغان بىر ستاتىستىكا جەدۋىلىدە كۆرسىتىلىشىچە خىتايدا ئىنتېرنېت قوللانغۇچىلارنىڭ سان 420 مىليون دەپ كۆرسىتىلگەن .[68]

رەسىم 05: دۇنيا ئىنتېرنېت قوللانغۇچىلار ستاتىستىكىسى 30 ـ ئىيۇن 2010. بۇ مەنبە http://www.internetworldstats.com ئېلىندى .




دۇنيا بويىچە ئىنتېرنېتنى ئەڭ كۆپ قوللىنىدىغان 10 دۆلەت (2010 ـ يىلى)

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان دۆلەتلەرنىڭ ئىنتېرنېت توسقۇنلۇقلىرىنى بۇزۇپ ئۆتەلەيدىغان proxy [69] بېكەتلەر تور ئالاقە قىلغۇچىلارغا ئاز بولمىغان ئاسانلىقلارنى ياراتتى. خىتاي يەنە دۇنيا بويىچە ئىنتېرنېتقا ئەڭ قاتتىق چەكلىمە قويىدىغان 10 دۆلەتنىڭ ئىچىدە 1 ـ ئورۇندا تۇرىدۇ. يېقىندا Fox خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ ئاشكارىلىشىچە ئامېرىكا قوشما شتاتى ھۆكۈمىتى ئوتكەن يىلدىن بۇيان خىتايغا ئوخشاش دۆلەتلەرنىڭ ئىنتېرنېت قامالىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ پۇقرالارنىڭ ئەركىن ئۇچۇر ئالاقىلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش مەقسىتىدە يېڭى بىر تېخنىكا ياساپ چىققانلىقىنى خەۋەر قىلدى. خەۋەردە ئېيتىلىشىچە خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن چەكلىنىپ ئۆتكۈزمەيدىغان ئۇچۇرلار ئىنتېرنېت توسۇقلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كىشىلەرنىڭ ئېلخەت ۋە باشقا ئۇچۇر ساقلاش بوشلۇقلىرىدا بىۋاستە پەيدا بولىدىكەن[70] .

دېمەك مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇيغۇر ئېلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنتېرنېت ۋە تورلار ئارقىلىق ئالاقىلىشىشى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن دۇنيا ئىنتېرنېت ئالاقىلىرىدىكى يېڭى تېخنىكا ۋە پروگراممىلارنى ئۈزلۈكسىز قوللىنىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە بۈگۈنگە قەدەر داۋام قىلىپ كەلدى .

تۆۋەندە ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تور ئالاقىلىرىدە كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان بىرقانچە توربېكەتلەرنى مىسال قىلىپ ئۆتىمەن:

▪ Yahoo ئۇيغۇر خەت ـ ئالاقە گۇرۇپپىسى




رەسىم 06: yahoo ئۇيغۇر ـ خەت ئالاقە گۇرۇپپىسىغا 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يوللانغان "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى" گە مۇناسىۋەتلىك رەسىم. مەنبە ئۇيغۇر خەت ئالاقە گۇرۇپپىسىدىن ئېلىندى .

بۇ Yahoo ئۇيغۇر ـ خەت ئالاقە گۇرۇپپىسى[71] 2000 ـ يىلى مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن (ئوقيا) تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئېلخەت ئىجتىمائىي ئالاقە گۇرۇپپىسى بولۇپ، yahoo ئېلخەت مۇلازىمىتىنىڭ تەمىنلىگەن بوشلۇقى ئاساسىدا قۇرۇلغان ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقىلىشىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان ئىنتېرنېت سەھىپىلەرنىڭ بىرىدۇر .

## ▪ دىيارىم توربېكىتى

ئەينى ۋاقىتتا دىيارىم توربېكىتىنىڭ (بۇ ماقالىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك) ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ھەر ساھەلەردە ئوز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. مەسىلەن بۇ ئاساسلىقى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قاتتىق توسقۇنلۇق قىلىپ كېلىنىۋاتقان ئەركىن ئاسىيا رادىئوسىنىڭ بەزى خەۋەرلىرىنى دادىللىق بىلەن دىيارىم توربېكىتىنىڭ مۇنبەر سەھىپىلىرىدە بېرىلىشى ۋە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر ھاياتىنى ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە بىلدۇرۇشى قاتارلىق پائالىيەتلىرىدە گەۋدىلىنىدۇ .

بۇنىڭ تەپسىلىي مىسالىنىڭ بىرى شۇكى 2007 - يىلى ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى تەرىپىدىن بېرىلگەن لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى توغرىسىدىكى خەۋەر تۇنجى بولۇپ دىيارىم توربېكىتىدە بېرىلگەن كېيىن باشقا ئۇيغۇر توربېكەتلىرىگە كۆچۈرۈپ تەكرار بېرىلىپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنى بىلىش قىزغىنلىقىنى قوزغىغان .

بولۇپمۇ دىيارىم توربېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى دىلشاد پەرھات ئەپەندىنىڭ ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان ئاكىسى دىلمۇرات پەرھات ئەپەندى تەرىپىدىن يېزىلغان "ئۇيغۇر كۈيى لوندوندا ياڭرىدى" ناملىق لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلىنىڭ لوندوندا كۆرسەتكەن نەق مەيدان كونسېرتى ئېلىنغان ۋىدېيو خەۋىرى دىيارىم توربېكىتىدە ئېلان قىلىنغان. مەزكۇر خەۋەر دىيارىم توربېكىتىدە 2009 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بېرىلگەن ۋە خەۋەر بېرىلىپ بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 40،000 قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈلگەن بولۇپ كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان[72]. بۇ ھەقتە دىلمۇرات ئەپەندى ماڭا مۇنداق دەيدۇ: "مەن بۇگۈن ئىنىمغا تېلېفون قىلسام ئۇ ئۈرۈمچىنىڭ ھەممە يېرىدە لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى توغرىسىدا[73] پاراڭ بولۇۋاتىدۇ دەيدۇ. ئۇيغۇر چوڭلىرىدىن بىرى ئىنىمغا مۇنداق دەپتۇ 'بىز ئۇلارنىڭ مۇقامنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ سەھنىلەردە ئورۇنلىشىنى تەلەپ قىلمايمىز ئەمما بىزنىڭ بىر ئارزۇيىمىز شۇكى ئۇلار ئاشۇنداق دۇنيادىكى لوندوندەك چوڭ شەھەرلەردە ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدۇرۇپ تۇرسىلا بىزگە يېتەرلىك..."

رەسىم 07: "ئۇيغۇر كۈيى لوندوندا ياڭرىدى" ناملىق خەۋەر دىيارىم توربېكىتىدە 2009 - يىلى 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بېرىلگەن. تۆۋەندىكى رەسىم دىيارىم توربېكىتىدىن 2009 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كۆچۈرۈپ ئېلىنغان .

## ئۇيغۇر توربەتچىلىكىدىكى دەۋر بۆلگۈچ تراگېدىيە: "5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" ۋە ئۇنىڭدىن دىن كېيىنكى ئۇيغۇر توربەتلىرىنىڭ تاقىلىش، پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ تېخىمۇ قاتتىق بوغۇلۇشى




2009 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خىتاينىڭ جەنۇبىدىكى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ شاۋگۇەندىكى شۈرى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا ئۇيغۇر كۆچمەن ئىشچىلارنى ئۇرۇش ۋەقەسى[74] يۈز بېرىپ خىتاي تەرەپنىڭ رەسمىي مەلۇماتى ـ شىنخۇا خەۋەر ئاگېنتلىقى خەۋەر قىلىشىچە ئىككى ئۇيغۇر ئۆلگەن ۋە 118 كىشى ئېغىر زەخىملەنگەن. ئەمما ئەنگلىيەدە چىقىدىغان "مۇھاپىزەتچىلەر" (Guardian) گېزىتىنىڭ خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە بۇ ۋەقەدە ئاز دېگەندە 30 دىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئۆلگەنلىكى مەلۇم[75]. ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇرلار خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ۋەقەنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىپ، ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن ھېچقانداق تەدبىر قوللانمىغانلىقىغا، يەنە ۋەقە يۈز بەرگەن كېيىن تاكى 10 كۈنگە قەدەر بۇ ئىشقا خىتاينىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

ھۆكۈمىتى ھېچ بىر رەسمىي شەكىلدە ئىنكاس بىلدۈرمىگەنلىكىگە ئۆز نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۇيغۇر ياشلىرى تىنچلىق شەكلىدە ئۈرۈمچىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى خەلق مەيدانىدا نامايىش قىلدى ئەمما بۇ نامايىش خىتاينىڭ ساقچى ۋە قوراللىق قىسىملىرى تەرىپىدىن قوپاللىق بىلەن كۈچ ئىشلىتىپ ھەتتا نامايىشچىلارغا قارىتا ئوق ئېتىپ باستۇرۇشقا ئۇرۇنغاندىن كېيىن دەرھال خىتاي بىخەتەرلىك كۈچلىرى تەرىپىدىن سۈي ئىستېمال قىلىنىپ سۈنئىي ھالدا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرغىب قىلىپ كېلىۋاتقان ئاتالمىش "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ئوت قويۇش" ۋەقەسىگە ئايلاندۇرۇلدى.[76]

مانا بۇ ۋەقەدە يۈز بېرىپ 5 سائەتمۇ ئۆتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندىكى (شىنجاڭ) بارلىق ئىنتېرنېت ـ تور ئالاقىلىرىنى تاقىۋېتىلدى، يانفون تېلېفون ئۇچۇر يوللاش ۋە خەلقئارالىق تېلېفون مۇلازىمەتلىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىلدى .

دېمەك بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى تۇنجى قېتىم دۇنيا توردىن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت (تەخمىنەن 10 ئايدىن ئارتۇق) ئايرىۋېتىلگەن ھالەتتە قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم بولۇپ ياشىدى. خىتاي دۆلىتى بۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىنسانلار ئىنتېرنېت ـ ئۇچۇر دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ ئىنتېرنېت ـ ئۇچۇر ئالاقىلىرىنى ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت ئۈزۈپ تاشلاشتا دۇنيا رېكورتىنى يارىتىشتەك شەرىپىگە ئىگە بولدى. 2010 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا باغلىنىشلىق بولغان دۇنيا ئىنتېرنېت تور ئالاقىلىرىنى تەكشۈرۈش تەتقىقات ئورنىنى "Open Net Initiative" بىر دوكلات ئېلان قىلغان بولۇپ ئۇنىڭدا ھازىرغىچە دۇنيادا خىتايدىن دۆلىتىدىن باشقا ھېچ بىر دۆلەت ئىنتېرنېت ئالاقىلىرىنى بۇ قەدەر ئۇزاق ۋاقىت ئۈزۈۋەتمىگەنلىكىنى كۆرسەتكەن.[77] خىتاي ھۆكۈمىتى 2010 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاخبارات ئورۇنلىرىغا بەرگەن بىر باياناتىدا ئېيتىشىچە "رايوننىڭ ئىنتېرنېت ۋە تور ئالاقىلىرى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن" گەرچە يەنىلا كوپ ساندىكى ئۇيغۇر توربېكەتلىرى ۋە بلوگلار تاقاقلىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ .[78]

خىتاي ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ رەسمىي مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا 5 ـ ئىيۇل كۈنى يۈز بەرگەن "زوراۋانلىق ھەرىكەتلىرى" داۋامىدا 197 ئادەم ئۆلگەن بولۇپ بۇ ساننىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى خەن خىتاي مىللىتى تەشكىل قىلىدۇ (156 كىشى)، ئۇيغۇرلاردىن 10 كىشى، تۇڭگانلاردىن 11 كىشى ئۆلگەن (رايوندىكى تۇڭگان مىللىتىنىڭ سانىنىڭ ئازلىقىغا قارىماي، سىياسىي مەقسەتتە ئۇلاردىن ئۆلگەنلەرنىڭ سانى نامۇۋاپىق ھالدا يۇقىرى قىلىپ كۆرسىتىلگەن). بىر قىسىم غەيرىي ـ رەسمىي مەنبەلەر ۋە دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ رەئىسى رابىيە قادىر خانىمنىڭ ئاخبارات ۋاستىللىرىغا "5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى"[79] دە نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ۋە ئاز دېگەندە 10،000 ئۇيغۇرنىڭ ۋەقەگە چېتىلىپ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ قولغا ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن.[80] ئەمما ۋەقەدە زادى قانچىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ھەققىدە خىتاي تەرەپ ئوچۇق ـ ئاشكارا، بىتەرەپ ۋە ئىشەنچلىك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىمىگەچكە ياكى تەمىنلىگەن ناھايىتى ئاز ساندىكى سانلىق مەلۇماتلار مۇجمەل بولغاچقا بىر ئاخىرقى ئومۇمىي يەكۈننى چىقىرىش قىيىن. ۋەقەگە چېتىلىپ قولغا ئېلىنغانلارنىڭ سانى توغرىسىدا 2009 ـ

يىلى 7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى (kathrin hille) كەسرىن ھىللە خانىم بۇ ھەقتە خىتاي پارتىيە باشلىقلىرىدىن ئىگىلىگەن بىر يىپ ئۇچىنى "ۋاقىت ۋە ئىقتىساد" ( the financial times) گېزىتىدە ئاشكارىلايدۇ. ئۇ خەۋەردە ئېيتىلىشىچە ۋەقە يۈزبېرىپ ئىككى ھەپتىمۇ ئۆتمىگەن بىر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە "ئەڭ ئاز بولغاندا 4000 دىن ئارتۇق ئۇيغۇرلار قولغا ئېلىنغان" . [81]

ۋەقەدە توغرىسىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇلاھىزە قىلساق بىرىنچى بولۇپ كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى دۇنيادا ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي كۈچتە ئەڭ چوڭ دۆلەت دەپ جار سېلىۋاتقان خىتايدەك بىر ھۆكۈمەتنىڭ ئۇيغۇرلار ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ ئېلىپ بارغان "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى تىنچلىق نامايىشى" نى رەسمىي شەكىلدە ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلغانلىقىدۇر. تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتساق خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ "5 ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى" گە بولغان رەسمىي پوزىتسىيىسى يەنى يىللاردىن بۇيان رايوندا قوللىنىپ كەلگەن كونا ئادىتى بويىچە "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى"نى ئادەتتىكى بىر "ئۇرۇش، چېقىش ۋە بۇلاش ـ كۆيدۈرۈش" تۈسىدىكى جىنايى ھەرىكەت قاتارىدا كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ "بۆلگۈنچى، ئېكستېرمىزىم ۋە تېررورچى" قالپاقلارنى ئۇيغۇر خەلقىگە يەنە بىر نۆۋەت كىيدۈرۈش بىلەن يەكۈنلەشتۇر .

گەرچە ئۇيغۇر ياشلىرى 5 ـ ئىيۇل كۈنى خىتاينىڭ قىزىل رەڭلىك دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇمچى خەلق مەيدانىدا ئۆزلىرىنىڭ ھەق تەلەپلىرىنى بىلدۈرۈپ تىنچلىق شەكىلدە[82] نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ئەمما بۇ ھەرىكەتنىڭ پۈتۈنلەي دېگەندەك خىتاي ئاخباراتلىرى تەرىپىدىن خەۋەر قىلىنماسلىقى ۋەياكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ھەققانىي ھەرىكەتلىرىنى ئاتالمىش شىنجاڭ ھۆكۈمىتى رەسمىي ئېتىراپ قىلىشنى رەت قىلىشى ۋە ۋەقەنىڭ باشلىنىشى بولغان بۇ ئاچقۇچلۇق تەرىپىنى دۇنيا مەتبۇئاتلىرىدىن پۈتۈنلەي يورۇشقا ئۇرۇنۇشى خىتاينىڭ مەزكۇر ۋەقەگە تۇتقان سىياسىي مەۋقەسىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

خىتاي كوممۇنىست پارتىيىسىنىڭ قاتتىق كونتروللۇقىدىكى خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ بىرتەرەپلىمىلىك بىلەن ئاخباراتچىلىق پرىنسىپىغا زىت ھالدا نوقۇل چوڭ خىتايچىلىق ئېقىمىدا خىتاي خەن مىللىتى مەنپەئىتىگە خىزمەت قىلىشى يەنى "ئۇيغۇرلارنىڭ خەن خىتاي مىللىتىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ياكى مۈلۈكلەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرگەنلىكى" نى قايتا قايتا كۆرسىتىپ خەۋەر بېرىش ئارقىلىق دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ۋەقەگە بولغان تونۇشىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغان بولسا دەل بۇ يەردە خىتاي ھۆكۈمىتى "قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىش" ئويۇنىنى ئويناپ 5 ـ ئىيۇل كۈنى پۈتۈن كېچە ئۇرۇمچىدە خىتاي ئەسكەرلىرى سانى ئېنىقسىز بولغان نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلارنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ ۋە تۇتقۇن قىلىدۇ.[83] ۋە بۇمۇ ئازلىق قىلغاندەك خىتاي ھۆكۈمىتى ۋەقەنى ئۇرۇمچى ۋە پۈتۈن خىتايدىكى خىتاي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خىتاي پۇقرالىرىغا خىتاي مىللەتچىلىكى بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، ۋەقەنى رابىيە قادىر باشچىلىقىدىكى دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىغا ئارتىپ، 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىكى ئۇرۇمچى خەن خىتاي ئاھالىسىنىڭ ئۇيغۇرلاردىن ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىگە يول ئېچىپ بېرىدۇ ۋە نەتىجىدە يەنە نۇرغۇنلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدەك ئىرقىي ھۇجۇملارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ .

خىتاي ھۆكۈمەت رەسمىي ئاخباراتى ـ شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى شىئا ئىلى بىر قېتىم ئىچكى جەھەتتىن بەرگەن لېكسىيىسى توربەتلەردە ئاشكارىلانغان، بۇ لېكسىيىدە ئېيتىلىشىچە 2009 ـ يىلى ئىيۇل ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەدىكى ئىرقىي توقۇنۇشنىڭ جەريانلىرىنى خىتاي رەھبەرلىرىگە شىنخۇا ئاگېنتلىقى تەرىپىدىن مەلۇم قىلىنغان بولسىمۇ ئەمما خىتاي ئاخبارات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن خىتاي جەمئىيىتىگە ۋە چەتئەل ئاخبارات ئورۇنلىرىغا تولۇق خەۋەر قىلىنمىغان. شىئا ئىلى نىڭ خاتىرىسىدە يېزىلىشىچە شىنخۇا ئاگېنتلىقى بۇ نارازىلىق ھەرىكەتلەرنىڭ ئۈرۈمچىنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە ئۇيغۇرلار بىلەن ۋە خەن خىتايلارنىڭ بىر ـ بىرلىرىگە قارىتا ئېلىپ بارغان بۇ زوراۋانلىق ئىرقىي توقۇنۇشنىڭ ھەقىقىي جەريانلىرىنى ۋە كۆلىمىنى مۇمكىن بار جەمئىيەتكە كىچىكلىتىپ خەۋەر قىلىشقا تىرىشقان.[84] ئەينى ۋاقىتتا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ پارتىيە سېكرېتارى ۋاڭ ياڭ چەتئەل مۇخبىرلىرىغا بەرگەن بىر سۆھبەتتە مۇنداق دېگەن: "خىتايدا ھازىر ئىجرا قىلىنىۋاتقان مىللەتلەر سىياستىنى قايتا ئويلىنىش كېرەك" .[85]




رەسىم 08: ئۇيغۇر خەت ئالاقە گۇرۇپپىسىغا 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يوللانغان "5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" گە مۇناسىۋەتلىك رەسىم. رەسىمدە ئۇيغۇر نامايىشچىلار خىتاي بايرىقىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش قىلماقتا. مەنبە ئۇيغۇر خەت ئالاقە گۇرۇپپىسىدىن ئېلىندى .

ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە تۇنجى بولۇپ بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان زور ۋەقەلەردە ئى

- **ئىنتېرنېت - ئۇيغۇرلار ئۇچۇن نارازىلىقنى ئىپادىلەشنىڭ يېڭى بىر يولى: ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ 5 - ئىيۇل ۋەقەسىدە ئوينىغان ئەھمىيەتلىك رولى**

نتېرنېت ۋە تور ئالاقىلىرىنىڭ رولى ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولدى. "26 - ئىيۇن شاۋگۇەن ۋەقەسى" يۈز بەرگەن كېيىن ئۇيغۇر توربېكەتلىرى ۋەقەدە فىلىمگە ئېلىنغان نەق مەيدان ۋىدىيو كۆرۈنۈشلەرنى ئۇيغۇر توربېكەتلىرىگە قويۇپ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆرستىشكە باشلىدى ۋە ئارقىدىنلا ئۇيغۇربىز، دىيارىم، شەبنەم، سالكىن قاتارلىق ئاساسلىق ئۇيغۇر توربېكەتلىرى بىردەك شاۋگۇەندىكى ئۆلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلارغا ماتەم بىلدۈرۈپ توربېكەتلىرىنىڭ رەڭگىنى ماتەمنىڭ سىمۋولى بولغان قارا رەڭگە ئۆزگەرتتى. تەبىئىيكى ۋەقەگە قارتا ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۇ خىل سەزگۈرلۈك ۋە كۈچلۈك ئىنكاسى رايوندىكى ھۆكۈمەت ۋە بىخەتەرلىك كۈچلىرىنى تەمتىرىتىشكە باشلىدى ئەمما ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ۋەقەگە قارتا غەزەپ نەپرتى ناھايىتى كەسكىن ئىدى .

شاۋگۇەن ۋەقەسى يۈزبېرىپ بىرقانچە كۈن ئۆتكىچە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ھېچ بىر سادا بولمىغاندىن كېيىن ئۇيغۇر توربېكەتلىرى ئارقا - ئارقىدىن توربېكەتلەردە نارازىلىق نامايىشى ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئېلانلار چىقىرىشقا باشلىدى .

تۆۋەندە ئەينى ۋاقىتتا يەنى "5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" يۈزبېرىپ ئىنتېرنېت ئۈزۈۋېتىلىشكىچە بولغان 5 سائەت ئىچىدە ساقلىۋېلىنغان سالقىن توربېكىتىگە يېزىلغان ۋەقە ۋە نامايىش توغرىسىدىكى يازمىلارنى كۆرۈپ ئۆتىمىز.


هازىر ۋەزىيەت جىددىي ، ئەنىمىدا 17 ئۇيغۇرنى ماشىنا بىلەن بېسىپ ئۆلتۈرگەندىن سىرت ، ئاق
مەسجىد ئەتراپىدىكى بارلىق يولۇچىلارنىڭ تۇتقانلىرىنى تۇرۇپ ، ھەتتا نەق مەيداندا ئۇيغۇر ساقچىلار
ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىغا ئوق چىقاردى، ھەتتا زەھەرلىك گاز بىلەن كىشلەرنى زەھەرلەپ ، كىشلەرنى
كۆزىدىن ياشى ئاققۇزۇۋەتتى. نەچچە يۈزلىگەن ساقچىلار ئۇيغۇرلاغا ئوق چىقاردى، ھازىر جىددىي
ھەركەتتە.. ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ.... بومبىلار پارتىلاۋاتىدۇ...... ئاھ ئۇيغۇر..... ئوق ئاۋاز،،
قايتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى قوزغالغاندەك قىلىدۇ....
بۇ تېما ئەستقلالىمىسا مەن يەنە يازىمەن ھەتتا .... ئەستقىن ئۆتكىچە . ...
خىتايلار ئەدىبىنى يەۋەتىدۇ،... نەچچىمىگلاغان ئۇيغۇر قارشىلىق كۆرسەتمەكتە.. مانا مىنىڭ
دۈكىنىمغىمۇ بېسىپ كىردى ،،......اەدە؛'سانەرتقە

رەسىم 09: سالقىن توربېكىتى مۇنبەردىن ئېلىنغان. 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى كەچ سائەت 8:20



خالىس نەزىر

2009- يىلى 6 – ئاينىڭ 26 – كۈنى گۇاڭدۇڭ شياۋگۇەن شۇرى ئويۇنچۇق زاۋۇتىدا، زاۋۇتتىكى ئىشچىلار ۋە سىرتتىن كىرگەن 10 مىڭدىن

ئارتۇق خەنزۇلار بىرلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلدى دېگەن تۆھمەت بىلەن كەچ سائەت 12 دىن ئەتتىگەن سائەت 7 گىچە ، قولىدا تۆمۈرنىڭ

سۇنىقى بولمىغان يۆلەكسىز ئۇيغۇرلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ ، بىگۇناھلارنى ئۇر- چاپ قىلىپ ئۆلتۈرگەن. نەق مەيداندا 50 نەپەر ئۇيغۇر

قېرىندىشىمىز ئۆلگەن. قالغان 300 گە يېقىن ئۇيغۇرلىرىمىز قېچىپ كوچىلاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرمەكتە.

تەپسىلاتى : http://bbs.salkin.cn ۋە باشقا تورىبەتلەر............!

ۇھتەرەم قېرىنداشلىرىمىز مانا بۈگۈن پۈتكۈل ئۇيغۇرلارغا كەلگەن بۇنداق ئېچىنىشلىق بالا – قازالار ئالدىدا ھەتتا قۇياشمۇ ماتەم تۇتۇۋاتىدۇ ،
انا بۈگۈن نۇرغۇنلىغان ئاتا - ئانىلار ئاشۇ ئۆلۈپ كەتكەن قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئۆلۈكىگىمۇ ھازا ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي قان ئىچىدە
يىغلاۋاتىدۇ . بىز قېرىنداشلارنىڭ پەقەت تور دۇنياسىدىلا ماتەم تۇتۇپلا قالماستىن بەلكى ھاراق - شاراپ، قىمار ، تاماكىغا شېرىك بولغان
رلىرىمىز ، بالىلىرىنىڭ ئوقۇشى ئەخلاقى بىلەن كارى يوق رېستورانلاردا قاتار چاي، توي - تۆكۈن بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان ئاياللىرىمىز، ھەدىسىلا
ۇھەببەت، ئويۇن – تاماشا ئۈچۈن «ئازاپ» چېكىۋاتقان ياشلىرىمىزنىڭ بىزنىڭ شېھىت كەتكەن ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئۈن – تىنسىز ،
خالىس ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ نەزىرىمىزگە قاتنىشىپ بېرىشىڭلارنى، ۋاقتىنچە ئويۇن تاماشىنى توختىتىپ، بالىلىرىمىزنىڭ بىھۇدە كەتكەن قېنى،
مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئاز - تولا كۈچ چىقىرىشىڭلارنى سورايمىز.
ۋاقتى: بۇ باغاقچىنى تاپشۇرۇۋالغان كۈندىن باشلاپ .
ئورنى: ھەر قايسىمىز ئۆز كۆڭلىمىزدە
بۇ باغاقنى تاشلىۋەتمەڭ ، چوقۇم باشقىلارغىمۇ بۇ نەزىرىمىزگە داخىل بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىڭ. چۈنكى بۇ باغاقتا تۆھمەت ، خورلۇقلار

رەسم 10:  مەنبە سالقىن توربېكتى مۇنبىرىدىن ئېلىنغان.

## ▪ "5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" دىن كېيىن ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ تاقىلىشى

تىنچلىق بىلەن باشلانغان "5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى نامايىشى" خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ قوراللىق كۈچلىرى تەرىپىدىن زوراۋانلىق بىلەن باستۇرۇلۇپ "قالايمىقانچىلىق" قا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن شۇ كۈنى كەچ ئۈرۈمچى ۋاقتى سائەت 8 يېرىملەردىن باشلاپ ئىنتېرنېت ۋە تېلېفون ئالاقىلىرى ئۈزۈۋېتىلدى .

نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر توربېكەتلىرى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاقىۋېتىلدى. ۋەقە يۈزبېرىپ بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئاز ساندىكى بىرقىسىم ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ قايتا ئېچىلىشىغا يول قويۇلغاندىن باشقا كوپ ساندىكى بولۇپمۇ جەمئىيەتكە تونۇلغان نوپۇزلۇق ئۇيغۇر توربېكەتلىرى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلدى.

بۇ ھەقتە باش شتابى پارىژدىكى چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى 2009 ـ يىلى 29 ـ ئۆكتەبىر مەخسۇس ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ ھازىرقى دۇنيا توردىكى ئەھۋالى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولۇپ، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولۇشىچە 2009 ـ يىلى 10 ـ ئايغا قەدەر 85 % تىن ئارتۇق ئۇيغۇر توربېكەتلىرى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن داۋاملىق تاقاقلىق ھالەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان[86] .

خىتاينىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى 2009 ـ يىلى 27 ـ سېنتەبىر يىغىن ئېچىپ ئىنتېرنېت ۋە تور ئۇچۇر ئالاقىلىرىنى تېخىمۇ قاتتىق چەكلەيدىغان يېڭى بىر بەلگىلىمە ماقۇللىدى[87] .




رەسىم 10: دۆلەتلەرنىڭ ئىنتېرنېتقا بولغان توسقۇنلۇقلىرى. مەنبە http://www.menassat.com دىن ئېلىندى.

- **"5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى" دىن كېيىن قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى، يازغۇچىلار، تەرجىمان ۋە مۇخبىرلار**

خىتاي دائىرىلىرى ۋەقە يۈزبېرىپ ھازىرغىچە ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى رەسىم شەكىلدە خەلقئاراغا ئاشكارا ئېلان قىلغاندىن باشقا كوپ ساندىكى "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى" گە باغلىنىپ قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەقدىرى قاراڭغۇ ھالەتتە تۇرماقتا .

ئىشەنچلىك ئۇيغۇر مەنبەلىرىنىڭ كۆرسىتىشىچە پەقەت دىيارىم، سالقىن ۋە شەبنەم قاتارلىق نوپۇزلۇق ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ مۇنبەر سەھىپىلىرىدە تىزىملىتىپ ماقالە يازىدىغان ئۇيغۇر توربەت يازارلىرىنىڭ ئاز دېگەندە ھەر بىر توربېكەتتىن 100 دىن ئارتۇق كىشىنىڭ ۋەقە يۈزبەرگەندىن كېيىن ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە[88] .

تۆۋەندە هازىرغىچە مەلۇم بولغان ئىنتېرنېت ۋە ئۇيغۇر توربېكەتلىرىگە باغلىنىپ قولغا ئېلىنىپ هۆكۈم چىقىرىلغان بىرقىسىم ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى، يازغۇچىلار، تەرجىمان ۋە مۇخبىرلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

## گۈلمىرە ئىمىن




گۈلمىرە ئىمىن سالقىن توربېكىتىنىڭ تورسەھىپە يازغۇچىسى. ئۈرۈمچى شەھەر تەڭرىتاغ رايونلۇق هۆكۈمەت شەرقىي قوۋۇق (تيانشان دوڭمېن) ئىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇل خىزمەتچىسى. ئۇ 2000 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەرجىمانلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. گۈلمىرە ئىمىن 2010 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خىتاينىڭ ئۈرۈمچى ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن مۇددەتسىز تۈرمە جازاسىغا هۆكۈم قىلىندى.

رەسىم 11: گۈلمىرە ئىمىن. سۈرەت خىتاي مەركىزى چچتۋ قانىلىدا بېرىلگەن "5 - ئىيۇل قالايماققانچىلىقىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە" ناملىق خەۋەردىن كۆچۈرۈپ ئېلىندى.

خىتاي CCTV تېلېۋىزىيىسىنىڭ[89] بەرگەن "5 - ئىيۇل قالايماققانچىلىقىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە" ناملىق خەۋەردە ئېيتىشچە گۈلمىرە ۋەقەدىن بۇرۇن ئەھمەت تۇرسۇن يېتەكچىلىكىدىكى 6 كىشىدىن تەركىب تاپقان 5 ئىيۇل كۈنى ئۈرۈمچىدە نامايىش قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا مۇختەر، مەمەتجان ئابدۇللا، تۇرسۇن مۇھەممەت، گۈلنىسا مەمەتلەر بىلەن بىرلىكتە قاتناشقان.

"گۈلمىرەنىڭ سوتى ئېچىلغان ۋاقىتتا ئۇ سوتتا ئۆزىنىڭ ساقچىلارنىڭ يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان ۋاقىتتا بۇ تۇتۇپ تۇرۇش ئورنى ئادەملەر بىلەن لىق تولۇپ كەتكەنلىكى، ئۇ يەردە يۇيۇنۇش شارائىتلىرىنىڭ يوقلۇقى، ئۇنىڭغا ئۇسۇزلىغى ئۈچۈن تۈزلۇق سۇ بېرىلگەنلىكى، هاجەتخانىغا بېرىشقا يول قويمىغانلىقى، ئۇرۇلغانلىقى ۋە بۇ سەۋەبتىن بەدىنىدە قالغان جاراھەتلەرنىڭ داۋالاشسىز قالدۇرۇلغانلىقى قاتارلىق تەن جازاسىغا ۋە خورلىنىشقا ئۇچۇرغانلىقىنى ئېيتىشقا ئۇرۇنغان. ئەڭ ئاخىرىدا گۈلمىرە ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان نىمە مەزمۇندا يېزىلغانلىقى نامەلۇم بىر هۆججەتكە ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلىنغان[90] ."

## دىلشات پەرھات




دىلشات پەرھات ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە كوپ نەتىجە قوشقان، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زور تەسىر قوزغىغان <diyarim.com>تورىبېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇ 2003 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاخبارات كەسپىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا دىيارىم تورىبېكىتىنى قۇرۇپ چىققان. دىلشات پەرھات "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى" يۈز بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا تۇتۇپ كېتىلگەن ۋە تاكى 2010 ـ يىلى ئۇرۇمچىدە يېپىق سوت ئېچىلىشقا قەدەر بولغان بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت مەخپىي تۇتۇپ تۇرۇپ سوراق قىلىنغان.[91]

رەسىم 12: دىلشات پەرھات. سۈرەت <diyarim.com> تورىبېكىتىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىنغان.

ختاينىڭ ئۇرۇمچى شەھەرلىك ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسى 2010 ـ يىلى 7 ـ ئايدا مەخپىي سوت ئېچىپ دىلشات پەرھاتنى 5 يىللىق تۈرمە جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان.[92]

## غەيرەت نىياز



غەيرەت نىياز 2009 ـ يىلى 1 ـ ئۆكتەبىر "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى" گە باغلىنىپ قولغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتىنىڭ كەسپىي مۇخبىر، قوشۇمچە <Uyghur online> تورىبېكىتىنىڭ توربەت يازغۇچىسى ئىدى.[93] غەيرەت نىياز 1982 ـ يىلى مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ختاي ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ختايدا تونۇلغان ژۇرنالىستلارنىڭ بىرى.

رەسىم 13:  غەيرەت نىياز. سۈرەت <uyghurbiz. net> توربېكىتىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىنغان.

غەيرەت نىياز ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ قانۇنچىلىق گېزىتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئىشخانا مۇدىرى، "قانۇن مەجمۇئەسى" ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتىنىڭ مۇخبىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن[94] .

ساقچىلار غەيرەت نىيازنىڭ قولغا ئېلىنىش سەۋەبى ھەققىدە ئائىلىسىدىكىلەرگە بىلدۈرۈشىچە ئۇنىڭ " 5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" ھەم "3 ـ سېنتەبىر خىتايلار نامايىشى" دا خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئۇرۇش ۋەقەسى ھەققىدە چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغانلىقى سەۋەب بولغان. خىتاي ئۈرۈمچى ئوتتۇرا سوتى 2010 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى مەخپىي سوت ئېچىپ غەيرەت نىيازنى "دۆلەت بىخەتەرلىكىگە زىيان يەتكۈزگەن" دېگەن جىنايەت بىلەن 15 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. [95]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە  “5 ـ ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى”  گە باغلىنىپ مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان خىتاي بېيجىڭ مەركىزى رادىئو ئىستانسىسى ئۇيغۇر تىلىدا ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ مۇخبىرى، قوشۇمچە تەرجىمان ۋە سالقىن توربېكىتىنىڭ توربەت يازارى **مۇھەممەتجان ئابدۇللا**[96] ئەپەندىگە، 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان شەبنەم توربېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى **نىجات ئازاد** ئەپەندىگە ۋە 3 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان سالقىن توربېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى **نۇرئەلى ئوبۇل**[97] ئەپەندىگە؛ ھەم بۇ يەردە ئىسمى يېزىلمىغان ياكى ھازىرغىچە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۈرمىلەردە مەخپىي تۇتۇلۇپ تۇرۇلۇۋاتقان يۈزلىگەن ھەتتا مىڭلىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى، ھۆرلۈكى، ئىنسانىي ھەق ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بەدىلىگە تۈرمىلەردە ئازاب چېكىۋاتقان ئەركىنلىك جەڭچىلىرىگە، ئۇيغۇرنىڭ كۈرەشچان، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىگە ئالاھىدە ھۆرمىتىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇيغۇرنىڭ بۇ سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىنى پەخىرلىنىش بىلەن ياد ئېتىمەن ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا سەبرە تاقەت تىلەيمەن .

## خۇلاسە

***"ھەربىر ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا ئەركىن سۆزلەش ۋە پىكىر بايان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش، ھەرخىل نەشرىيات ۋاستىلىرىدە نەشر قىلدۇرۇش، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش ئەركىنلىكى توسقۇنلۇققا ئۇچرىماسلىقى كېرەك " .***[98]

ـ“دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى” دىن

بۈگۈنكى دۇنيا تېخى “تېرور ئۇرۇشى” نىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى قالدۇرغان ئاچچىق ئىزلارنى يۈز كۆزلىرىدىن تازىلاشقا ئۈلگۈرەلمەي تۇرۇۋاتقاندا دۇنيا يەنە “ئىقتىسادىي كرىزىس” پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھەر تەرەپكە قاراپ پىتىراشقا باشلىدى... مانا مۇشۇنداق ئاجايىباتلار بىلەن تاماملانغان بۇ 21 ـ ئەسىرنىڭ بىرىنچى ئون يىلىنى

تارىخ بېتىگە پۈتكەن قەلەمنىڭ سىياھلىرى قۇرۇماي تۇرۇپلا تۇيۇقسىزلا ئوتتۇرا شەرقنى ئوز ئىچىگە ئالغان پۈتكۈل ئەرەب دۇنياسىدا دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىك كۈرەشلىرىنىڭ يانغىنى لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى .

تۇنىسىيە ۋە مىسىردەك دىكتاتور تۈزۈم ۋە دىكتاتورلارنىڭ ئاغدۇرۇپ تاشلىنىشى خەلق كۈچىنىڭ، خەلق ئارزۇسىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈكلۈكىنى، بىر دۆلەتتە خەلق ئىرادىسى ئەكس ئەتمىگەن ھەرقانداق بىر سىياسىي ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھامان گۇمران بولىدىغانلىقىدەك بىر ھەقىقەتنى "ئىنسانىي ھەق ھوقۇق" لارغا، دېموكراتىيىگە "زەمزەم سۈيى" گە تەشنا بولغاندەك ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەن ئۇيغۇر خەلقىگە ئاجايىپ قىممەتلىك بىر دەرسنى ئۆگەتتى. شۇنى قەتئىي قىلىپ ئېيتالايمىزكى مانا بۇ دېموكراتىيە ۋە ئەركىن پىكىر ئەركىنلىكىنىڭ تۇنىسىيە ۋە مىسىر خەلقىگە بەرگەن شىپالىق ئىنقىلاب دورىسىدۇر .

مەن بۇ ماقالىنىڭ خۇلاسىسىنى يېزىپ ئولتۇرغان بۇ پەيتلەردە 18 كۈندىن بۇيان مىسىردا داۋام قىلىۋاتقان خەلقنىڭ دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بارغان شىددەتلىك نامايىشى ئاخىرى غەلىبە قازىنىپ 30 يىل ھاكىمىيەت سۈرگەن مىسىرنىڭ دىكتاتورى مۇبارەكنى تەختتىن غۇلاتتى... مەن ئىختىيارسىز ھاياجانلاندىم چۈنكى بۇ ھەم مېنىڭ خۇشاللىقىم ئىدى. نېمىشقا دېگەندە، سەۋەبى "باشقىلارنىڭ قايغۇ ۋە خۇشاللىقىغا تەڭ شېرىك بولۇش" ئادەم ۋە ھاۋا ئانىمىزدىن بىز بەندىلەرگە قالغان ئەڭ ئاددىي بىر ئادىمىيلىك خۇسۇسىيەتتۇر .

بۈگۈن ئەنگلىيىلىك بىر دوستۇم بىلەن مىسىر ھەققىدە پاراڭلىشىپ قېلىپ ئۇ مەندىن مۇنداق بىر سوئالنى سورىدى: "خىتاي ھۆكۈمىتى 1989 - يىلىدىكى تيەنئەنمېن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى قانلىق باستۇردى. 2008 - يىلى تىبەتتە بولغان نامايىشنى ۋە سىلەرنىڭ ۋەتىنىڭلار ئۈرۈمچىدە بولغان 2009 - يىلىدىكى نارازىلىق نامايىشلارنىڭ ھەممىسىنى قورال كۈچى ئىشلىتىپ قانلىق باستۇردى. مەن شۇنىڭغا ھەيرانمەن، نېمىشقا مىسىر ئۆز خەلقىنى قانلىق باستۇرمىدى ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ھەر قېتىم نامايىش بولسا قانلىق باستۇرۇپ ئادەم ئولتۇرىدۇ؟ ."

بۇ دوستۇمغا بەرگەن جاۋابىم مۇنداق بولدى: "مەن راستتىن ئېيتسام سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىز ئاددىي بىر سوئال ئەمەس. مېنىڭچە مىسىر بىلەن خىتاي دۆلەتلىرىنى سېلىشتۇرساق بۇ يەردە ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ بىر بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بار. ئوخشايدىغان تەرەپلىرى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھوقۇققا ئامراق. ئوز خەلقىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرمىگەن، ئىنسانى ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىپ كەلگەن، ئوز قانۇنلىرىنى توغرا ئىجرا قىلمىغان دىكتاتور تۈزۈمدىكى دۆلەتلەردۇر. ئوخشىمايدىغان تەرىپى بولسا خىتاي دۆلىتى ئۇيغۇر ۋە تىبەتلەرنىڭ زېمىنىنى قورال كۈچى بىلەن بېسىۋېلىپ ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە قوشۇۋالغان. شۇڭا بۇ تارىخىي نۇقتىنى مۇنداق ئانالىز قىلساقمۇ بولىدۇ يەنى ئەگەردە 1967 - يىلىدىكى مىسىر - ئىسرائىل ئۇرۇشىدا ئىسرائىلىيە ئۇرۇشتا يېڭىپ سىناي يېرىم ئارىلىنى بېسىۋالغان ئىدى ئەگەردە بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن يەنە بىر ئېھتىماللىقنى پەرەز قىلىپ باقساق مەسىلەن شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇشتا ئەگەر ئىسرائىل

پۈتۈن مىسىرنى پەلەستىنگە ئوخشاش بېسىۋالغان بولسا، ئۇ چاغدا مىسىرلىقلارمۇ ئۇيغۇر ۋە تىبەتلىكلەردەك ئىسرائىلىيەنىڭ ئىشغال قىلغۇچى مۇستەملىكە ھاكىمىيىتىگە قارشى نامايىش قىلسا خىتاي ھۆكۈمىتىدەك ئادەملەرنى ئېتىپ، نامايىشنى قورال كۈچى بىلەن باستۇرۇشى مۇمكىن ئىدى " .

"قورال كۈچىگە تايىنىپ خەلقلەرنىڭ نارازىلىقىنى باستۇرۇش دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مۇستەملىكىچى كۈچنىڭ ئوخشاش بولغان خاراكتېرىدۇر. دېمەكچى بولغىنىم خىتايدىكى مەسىلە تيەنئەنمىن ۋەقەسىدىن باشقا ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىكى يەرلىك ئېتنىك مىللەتلەرنىڭ ئۆز ھوقۇقىنى، تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش، زېمىن ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشتەك مىللىي مەسىلىدۇر. مىسىردا يۈز بەرگەن بۇ قېتىمقى مۇبارەك ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش مەسىلىسى بولسا مىسىر خەلقىنىڭ ئوز جەمئىيىتىنى قانداق قۇرۇش، مۇستەبىت تۈزۈمنى قانداق ئۆزگەرتىشتەك ئىچكى مەسىلەدۇر. بۇ يەردىكى نېگىزلىك پەرق ئۇيغۇر ۋە تىبەتلىكلەرنىڭ خىتايغا قارشى نارازىلىق ھەرىكەتلىرى مۇستەملىكە قىلغۇچى دۆلەتكە كۆرسەتكەن نارازىلىق ھەرىكىتىدۇر. مىسىر ھۆكۈمىتى مىسىر خەلقى ئۈچۈن پەقەت بىر مۇستەبىت ھاكىمىيەت خالاس، يەنە كېلىپ مىسىردىكى بۇ ھەرىكەتتە مۇستەملىكە قىلىنغۇچى مىللەت بىلەن مۇستەملىكە قىلغۇچى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش مۇناسىۋىتى شەكىللەنمىگەن. شۇڭا بۇ تەرەپتىن خىتاي مىسىردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ".

مىسىر خەلقىنىڭ 30 يىل ھۆكۈم سۈرگەن دىكتاتورنى ئاغدۇرالىشىدا نەزەردىن ساقىت قىلغىلى بولمايدىغان مۇھىم بىر ئامىل خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ مىسىردىكى ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىغا باشتىن ئاياق يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرۇشى، ھېسداشلىق قىلىشى ۋە مەدەت بېرىشىدۇر. ھەتتا مىسىردىكى نامايىش باشلانغان دەسلەپكى 5 كۈن داۋامىدا مۇبارەك ھوكۇمىتى مىسىرنىڭ خەلقئارا بىلەن بولغان ئىنتېرنېت ۋە تور ئالاقىلىرىنى قىسمەن ئۈزۈۋەتكەن بولسىمۇ ئەمما دەل بۇ ۋاقىتتا دۇنيا تورىنىڭ ئەڭ چوڭ گىگانتى بولغان Google دەك شىركەتلەرنىڭ مىسىر خەلقىنىڭ ھۆكۈمەتكە قارشى دېموكراتىيە تەلەپ قىلىش نامايىشنى قوللاپ، نامايىشچىلارنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان باغلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېڭى تېخنىكا بىلەن تەمىنلىشىدۇر. يەنى Google شىركىتى مىسىردا ئىنتېرنېت چەكلەنگەن كۈنلەردە نامايىشچىلارنىڭ قوللىنىشى ئۈچۈن مەخسۇس تېلېفون نومۇرلىرى تارقىتىپ ئىنتېرنېتقا كىرەلمىگەن نامايىشچىلار بىرەر ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن بېكىتىلگەن تېلېفون نومۇرغا تېلېفون قىلسا، تېلېفوندا سۆزلەشكەن مەزمۇنلارنى Google شىركىتى تېكىستكە ئايلاندۇرۇپ Tweeter ئىجتىمائىي ئالاقە تۆرىدە ئەينەن نەشر قىلىپ دۇنيا مەتبۇئاتلىرىغا ۋاقتىدا بىلدۈرۈپ تۇردى. مىسىردىكى نامايىش جەريانلىرىنى تەپسىلاتى بويىچە دۇنيادىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى كەڭ كۆلەمدە خەۋەر قىلدى جۈملىدىن دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ بىرى بولغان ئەنگلىيە BBC بۇ قېتىمقى مىسىر نامايىشنى ئۇدا 18 كۈن تەخمىنەن كۈنىگە ئەڭ ئاز بولغاندا 5 سائەتتىن ئارتۇق خەۋەر بەردى .

دېمەك مىسىر دىكتاتورى مۇبارەك ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن ئامېرىكانىڭ ياردىمىنى ئېلىپ، قويۇق بىر دوستانە مۇناسىۋەتلەردە بولۇپ كېلىۋاتقان دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن گەرچە مۇبارەك ئىنتېرنېت ۋە تور ئالاقىلىرىنى قىسمەن چەكلىيەلىگەن بولسىمۇ ئەمما

خەلقئارالىق تېلېفون لىنىيىسىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالمىدى ئەمما بۇ ئەھۋاللارنى "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى ۋەقەسى" نى قانلىق باستۇرغان خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دىكتاتور ھاكىمىيىتىگە سېلىشتۇرۇشقا پەقەتلا ماس كەلمەيدۇ.

خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا (شىنجاڭ) ئىنتېرنېت ۋە تور ئالاقىلىرىنى ئۈزۈۋېتىش ئەمەس ھەتتا خەلقئارالىق تېلېفون ئالاقىلىرىنىمۇ يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۈزۈپ تاشلىدى ئەممە ناھايىتىمۇ ئېچىنارلىق يېرى شۇكى دۇنيا بۇ ئىشقا كوزىنى يۇمۇپ سۈكۈتتە تۇردى .

تولىمۇ ئەپسۇس مەن بۇ قۇرلارنى يېزىۋاتقان ۋاقتىمدا مىسىر خەلقىنىڭ نامايىشىنى قوللاپ كانىيى يېرىلىپ كېتىشكە ئاز قالغان دۇنيا جامائىتى (دۇنيا رەھبەرلىرى ۋە خەلقئارالىق ئاخبارات ۋاستىلىرى) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادالەت، ھەققانىيەت تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بارغان 2009 ـ يىلدىكى "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى نامايىشى" گە مىسىر خەلقىگە كۆرسەتكەندەك بۇ قوللاشلارنىڭ 10،000 دە 1 نىمۇ ئۇيغۇرغا كۆرسەتمىدى .

بۇ يەردە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ئېيتىشقا بولىدىغان بىر ئوخشاشلىق بار ئۇ بولسىمۇ يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئادالەت تەلەپ قىلىپ ئېلىپ بارغان "5 ـ ئىيۇل ئۇرۇمچى نامايىشى" بىلەن مىسىر خەلقىنىڭ دىكتاتور تۈزۈمنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە ئىنتېرنېت ۋە تور ئالاقىلىرىنىڭ ئوينىغان ناھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك رولىدۇر .

خىتاينىڭ ھازىر ئىقتىسادىي كۈچى ئۆتكەنكى 10 نەچچە يىللارغا سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ئېشىپ تۈنۈگۈن ياپونىيەدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى BBC خەۋەر قىلدى (14 ـ فېۋرال BBC خەۋىرى). خىتاي ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدىن قالسىلا دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىقتىسادىي كۈچلۈك دۆلەتكە ئايلاندى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىم مۇتلەق كونتروللۇقىدىكى خىتاي دۆلىتى دۇنيانىڭ ئۆز كۈچىنى سىياسىي سەھنىلەرنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە ئېتىراپ قىلىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى ئەمما بۇ خىتاينىڭ ئوز دۆلەت پۇقرالىرىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي بولغان ئىنسانىي ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلماي كەلگەنلىكى ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر ۋە تىبەت ئەللىرىدە بولۇپ ئوتكەن نارازىلىق نامايىشلارنىڭ قاتتىق باستۇرۇلۇشى دۇنيانىڭ خىتايغا بولغان چۈشەنچىسىدە سەلبىي قاراشلارنى ئېلىپ كەلدى بولۇپمۇ بۇ خىل قاراشلار 2010 ـ يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى بولغان خىتاي ئۆكتىچى لىيۇ شياۋبو نىڭ داۋاملىق تۈرمىگە قامىلىپ تۇرۇشى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلەندى . [99]

گەرچە خەلقئارالىق قانۇنىي پرىنسىپ جەھەتتىن ھازىرقى خىتاي دۆلىتى "دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى" گە ئىمزا قويغان دۆلەت دەپ قارىلىدۇ چۈنكى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشى تەرىپىدىن 1948 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پارىژدا [100] تەستىقلانغان "دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى"[101] گە ئەينى ۋاقىتتا خىتاي دۆلىتىگە ۋەكىل بولۇپ خىتاي مىللەتچى پارتىيىسىنىڭ (تەيۋەن گومىنداڭ) ۋەكىلى پەن چۇن چۇاڭ ئەپەندى ئىمزا قويغان . [102] بۇنىڭدىن باشقا خىتاي دۆلىتى يەنە نۇرغۇنلىغان خەلقئارالىق ئەھدىنامىلەرگە ئىمزا قويغان بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان 1966 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ

16 ـ كۆنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئومۇمىي كېڭىشى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان "خەلقئارالىق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ھوقۇق ئەھدىنامىسى" گە ئىمزا قويغان ۋە ئىجرا قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۈز ئۈستىگە ئالغان دۆلەتتۇر.[103] ھالبۇكى خىتاي پۈتۈن دۇنيا تەرىپىدىن ھىمايە قىلىنىدىغان يۇقىرىقى خەلقئارالىق ئەڭ نېگىزلىك ئەھدىنامىلەرنىڭ ھېچ بىرىگە ئەمەل قىلغىنى يوق .

ئۇنداقتا نېگىزلىك تېمىمىز ئۇيغۇر توربەتچىلىكىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ سوئالغا مېنىڭچە ھېچ بىر كىشى توغرا جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن چۈنكى ئۇيغۇرلارنى ئۈز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن بىر خىتاي جەمئىيىتى داۋالغۇش، كېلەچىكى ئېنىق بولمىغان بىر يۆلىنىشتە توقۇنۇش ۋە زىددىيەتلەر ئىچىدە ھالسىرىماقتا .

شۇنى ھەر ۋاقىت نەزىرىمىزدىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەككى بىر دۆلەت بىر مىللەتنىڭ قوغدىنىش قورالى ۋە كۈچ قۇدرىتىدۇر. بىر مىللەتنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ۋە مىللىي مەنپەئەتنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇستەقىل بىر دۆلىتى بولمىسا ئۇنىڭ ھېچنېمىسى بولمايدۇ؛ ئەگەردە شۇ ياشىغان دۆلەتتە ئۆزىگە خاس پەرقلىق تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئۆز تىل ـ يېزىقى بار بولغان تەقدىردىمۇ بۇ مەدەنىيەت ۋە تارىخ مىراسلىرىغا ساھىب چىقالمايدۇ ۋە ئۆزىگە تەۋە قىلىپ قوغداپ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا يەتكۈزەلمەيدۇ. بۇ يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىدا ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ چىققان ئومۇمىي بىر يەكۈندۇر .

دېمەك خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ۋەتىنىمىزدە 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ئاكتىپلىق يولغا قويۇۋاتقان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇيغۇر مائارىپىدا قوللىنىشىنى چەكلەيدىغان ئاتالمىش "قوش تىللىق مائارىپ" سىياسىتى دەل يۇقىرىدا شەرھلەپ ئوتكەن مىللەت ۋە دۆلەت مۇناسىۋەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇستەملىكچى دۆلەتنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ھىيلە ـ مىكرىللىرىنىڭ يېپىق شەكىلدە ئىپادىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىدۇر .

بۇ بايانلىرىمنىڭ ئىسپاتى قاتارىدا ھازىرقى مۇستەقىل ئىرېلاندىيە جۇمھۇرىيىتىنى ۋە بۈيۈك بىرىتانىيە ۋە ئىرېلاندىيە بىرلەشمە پادىشاھلىقىنى يەنى بۈيۈك بىرىتانىيەگە (ئەنگلىيەنىڭ رەسمىي دۆلەت ئاتىلىشى) تەۋە بولغان يۈكسەك ئاپتونومىيىلىك ھوقۇقىغا ئىگە ئەمما ئەنگلىيە ئىنگلىزلارنىڭ تارىختا قۇرغان "كۈن ئولتۇرماس ئىمپېرىيىسى" نىڭ تەخمىنەن 5 ئەسىرلىك مۇستەملىكىسى داۋامىدا ئاخىرى ئۆز ئانا تىللىرىنى تامامەن يوقىتىپ ياكى ئىنگلىز تىلغا ئاسسىمىلياتسىيە بولۇپ پۈتۈنلەي دېگەندەك ئىنگلىز تىلىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرگە ئايلانغان شىمالىي ئىرېلاندىيە، ۋېلش، شوتلاندىيە قاتارلىق بىرىتانىيەنىڭ (ئەنگلىيە) ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ .[104]

دېمەك ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ مىللىي مۇستەقىل دۆلىتىنى قۇرالمىغان بۇ مىللەتنىڭ ۋە بۇ مىللەت ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ھەر ساھەلەردىكى ھەرقانداق بىر تەرەققىياتى ياكى ئىنتىلىشلىرىنى ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە خوجايىن ـ مۇستەملىكچى مىللەتنىڭ دۆلەت سىياسىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ چۈنكى خىتاي دۆلىتى قۇرۇلغاندىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئۆز قانۇنىنى تولۇق ۋە توغرا ئىجرا قىلغان دۆلەت ئەمەس. قىسقىسى خىتاي قانۇن دۆلىتى

ئەمەس. بۇ نۇقتىنى "5 - ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" دىن كېيىن سان ساناقسىز ئۇيغۇرلارنىڭ غايىب بۆلىشى ياكى قولغا ئېلىنىشى ۋە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بىر يىلغا قەدەر ئۈزۈپ تاشلىشى ۋە ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنى تاقىۋېتىشى ھەتتاكى ھازىرغا قەدەر تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلمەسلىكى قاتارلىق بولۇپ ئوتكەن ۋەقەلەر يېتەرلىك ھالدا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ .

ئەڭ ئاخىرقى يەكۈن جۇملىسى شۇكى بۇ ئېنىق جاۋابسىز قالغان سوئالىمىزغا توغرا جاۋاب تېپىشىمىز ئۈچۈن خىتاينىڭ سىياسي ۋەزىيىتىنى يېقىندىن كۆزىتىشىمىز ۋە يەنە بىر تەرەپتىن ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى تېپىپ چىقىپ دۇنياغا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ دەرد ئەلەملىرىنى كۈچلۈك ئاڭلىتىشىمىز زۆرۈردۇر.

2011 - يىلى فېۋرال، لوندون



# پايدىلانغان مەنبەلەر:

[1] London kochiliridiki Ottura Asiyaning "kichik" izliri: Qeshqer kochisi

[2] لوندون ئۇيغۇر ئانسامبىلى توربېكىتى London Uyghur Ensemble - London Uyghur Ansambili: http://www.uyghurensemble.co.uk

http://www.uyghurensemble.co.uk/uy

[3] 'Invitation to a Mourning Ceremony': Perspectives on the Uyghur Internet
" ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمى نەزەر" خەلقئارادىكى ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرى بولغان كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات ژۇرنىلىدا ئىنگلىز تىلىدا :

https://www.jstor.org/stable/24572134?seq=1#page_scan_tab_contents

[4] "ئۈزۈلمەس تارىخىي رىشتە"

http://www.azizisa.org/uzulmes_tarixiy_rishte/

https://www.youtube.com/watch?v=xsICbREMrXY

[5] "ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە ئومۇمىي نەزەر"
http://www.uyghurpen.org/uy/Uyghur_torbetchilikige_omumiy_nezer.html

[6] "ئۇيغۇرلار" - تۇرغۇن ئالماس. 1989 - يىلى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

[7] "ئۇيغۇرلار" - تۇرغۇن ئالماس. 89 بەتلەر. 1989 - يىلى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

[8] Treaty of Verdun ۋەرۋن شەرتنامىسى

reaty_of_Verdun

[9] ۋېنگرىيەنىڭ خەرىتىسى

http://www.worldatlas.com/webimage/countrys/europe/hu.htm

[10] ئابدۇرېشىت ھاجى كېرىمى خەۋىرى: خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ 2 نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا ئېچىلدى

http://www.uyghurpen.org/uy_event_id3.html

http://www.uyghurpen.org/event_id4.html

[11] شائىر ئابدۇغوپۇر قۇتلۇق ئەپەندىنىڭ "دوناي دەرياسى بويىدا" ناملىق بۇ شېئىرىسى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلىندى. شېئىرنى تۆۋەندىكى ئۇلىنىشتىن كۆرۈڭ:
http://www.uyghurpen.org/On_the_bank_of_the_Danube_River.html

[12] بۇداپېشتتىكى قەھرىمانلار مۇنارى
http://www.wetinim.org/forum/viewthread.php?tid=10882

[13] بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن مەدەنىيەت مەھكىمىسى توربېكىتى: "ئورخۇن ۋادىسى مەدەنىي يادىكارلىقلار رايونى"

[UNESCO World Heritage List Orkhon Valley Cultural Landscape]

http://whc.unesco.org/en/list/1081

[14] ئۈزۈلمەس تارىخىي رىشتە: ئۇيغۇر ھۇن قەلەمكەشلىرىنىڭ دوناي دەرياسى بويىدا ياڭراتقان دوستلۇق ساداسى (ۋېنگرىيىنىڭ پايتەختى بۇداپېشتتا ئۆتكۈزۈلگەن 2 نۆۋەتلىك خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزىنىڭ يىغىنى توغرىسىدا ئەدەبىي خاتىرىلەر) .
http://www.uyghurpen.org/uzulmes_tarixiy_rishte.html

[15] موڭغۇل شائىر مەند ئوويو ئەپەندىنىڭ توربېكىتى : http://www.mend-ooyo.com/default.aspx?p_id=1

[16] ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ موڭغۇل مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تارىخىي تەسىرى ئىزدىنىش توغرىسىدا دەسلەپكى
http://www.uyghurpen.org/Uyghur_medeniyitining_mungghul-medeniyitige-korsetken_tesiri.pdf

17 ئۇيغۇر موڭغۇل يېزىقى كېيىنكى ئايدىن باشلاپ رەسمىي يېزىق سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ
[Uighurjin mongol script will go for official use from next month]:
http://www.infomongolia.com/ct/ci/954/

18 نايمانلار ياكى “نايمان” سۆزى چىڭگىزخان دەۋرلىرىدە ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە ياشايدىغان “سەككىز ئوغۇز” قاتارلىق تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ موڭغۇل تىلىدا ئاتىلىشىدۇر.
http://en.wikipedia.org/wiki/Naimans

19 چىڭگىزخان (تەمۈجىن چىن تۆمۈر باتۇر) نىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى:
http://en.wikipedia.org/wiki/Genghis_Khan

20 شامان دىنى توغرىسىدا: [About Shamanizim]
http://www.mongolianshaman.com/index.php?option=com_content&view=article&id=50&Itemid=54

21 شامان دىنىنىڭ تارىخى [History of Shamanizim]
http://www.shamanicjourney.com/article/5947/history_of_shamanism

22 موڭغۇلىيىدىكى بىر شامان دىنى مۇراسىملىرىدىن كۆرۈنۈشلەر كۆك تەڭرىگە ئىبادەت قىلىش (يوۋتۇب سىن فىلىمى) [Mongolia Shaman ritual practices –pray for the Kok Tengri]
http://www.youtube.com/watch?v=9gboEzqc960&

23 موڭغۇلىيىدىكى شامان دىنىي ئېتىقادى
[Shamanizim in Mongolia]
http://www.altaimongoliatravel.com/index.php?module=menu&cmd=content&menu_id=525

24 خارەزىم شاھلىقى: http://en.wikipedia.org/wiki/Khwarezm_Empire

25 گېرمانىيىدە تۇغۇلغان رۇسىيىلىك تۈركولوگ ئالىم ۋاسىلىي ۋاسىلىيەۋىچ رادلوۋمۇ تەستىقلايدۇ:
http://en.wikipedia.org/wiki/Wilhelm_Radloff

26 بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن مەدەنىيەت مەھكىمىسى تەرىپىدىن “ئورخۇن ۋادىسى مەدەنىي يادىكارلىقلار رايونى” دېگەن نام بىلەن 2004 - يىلى قوغدىلىدىغان دۇنيا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.
[UNESCO Culture World Heritage List Orkhon Valley Cultural Landscape]
http://whc.unesco.org/en/list/1081

[27] سۈكھاباتار مەيدانى:
http://www.mongolianart.de/01_mongolian_art/president_of_mongolia_tsakhiagiin_elbegdorj.htm

[28] ئەردەنە زۇۇ "يۈز بايلىق" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

[29] قاراقۇرۇم ئەردەنە زۇۇ بۇتخانىسى:http://en.wikipedia.org/wiki/Erdene_Zuu_monastery

[30] قاراقۇرۇم: http://www.bluemongolia.com/kharakhorum.html

[31] " ئۇيغۇر قەدىمىي يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما" دېگەن كىتابنىڭ 24، 25، 26 بەتلىرىگە قارالسۇن. كىتابنى تۈزگۈچىلەر ئابدۇقېيۇم غوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ. 1983 ـ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى. كىتاب نومۇرى: م7098.55

[32] شەرقىي تۈرك خاقانلىقى:
http://www.heavengames.com/cgi-bin/forums/display.cgi?action=ct&f=10, 5596, 1590, all

[33] قەدىمكى تۈرك يېزىقى 38 دىن 40 گىچە ھەرىپ بەلگىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ ئاتىلىشى ھەرخىل. بۇ يېزىقتا ئويۇلغان مەڭگۈتاشلار موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن يېنىسەي دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن "ئورخۇن يېنىسەي يېزىقى" دەپ ئاتالغان بولسا بۇ يېزىقنىڭ شەكلى شىمالىي ياۋروپادا قوللىنىلىدىغان رۇنىك يېزىقىغىمۇ ئوخشايدىغانلىقىغا قاراپ ئۇنى "رۇنىك يېزىقى" ياكى "تۈرك رۇنىك يېزىقى" دەپمۇ ئاتايدۇ.

[34] بۇ ھەقتە "كونا تاڭنامە" 194 ـ جىلدىدا تۆۋەندىكىچە خاتىرىلەر پۈتۈلگەن: "كۆلتېكىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن شۈەنزوڭ خان جىن ۋۇزاڭجۇن ئۇنۋانى بىلەن ژاڭ قۇيۇ ۋە دۇگۋان لاڭژۇڭ ئۇنۋانلىق لۈيشاڭلارنى خاننىڭ مۆھرى بېسىلغان تەزىيەنامە بىلەن (تۈرك خانلىقىغا) ئەۋەتتى ۋە مەڭگۈتاش تىكلىدى. خاننىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامىسى ئويدۇرۇلدى". يەنە بۇ ھەقتە "يېڭى تاڭنامە2 نىڭ 215 جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەر بار "شۈەنزوڭ خان ماھىر نەققاشتىن 6 كىشىنى تۈرك خانلىقىغا ئەۋەتتى. ئۇلار تۈرك خانلىقىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان ھەيران قالارلىق سۈرەت نەقىشلەرنى ئويدى. بىلگە خاقان بۇنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەنلىكىدىن تېخىمۇ قايغۇ ئۇردى". "ئۇيغۇر قەدىمىي يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما" دېگەن كىتابنىڭ 62 ـ 63 بەتلەر.

[35] "ئۇيغۇر قەدىمىي يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما" دېگەن كىتابنىڭ 77، 78، 79

بەتلىرىدىن ئېلىندى

[36] "ئۇيغۇر قەدىمىي يازما يادىكارلىقلىرىدىن ـ103، 102، 101، ، 100 بەتلەرگە قارالسۇن تاللانما" دېگەن كىتابنىڭ

[37] بايانچۇر خان (مويۇنچىر) http://en.wikipedia.org/wiki/Bayanchur_Khan

38 بايانچۇر خان (مويۇنچېر) http://en.wikipedia.org/wiki/Bayanchur_Khan

قۇتلۇق بىلگە قاغان (گۆلى پەيلو) :
http://en.wikipedia.org/wiki/Kutlug_I_Bilge_Kagan

39 "ئۇيغۇر قەدىمي يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما" -116 ,115 ,114بەتلەرگە قارالسۇن
دېگەن كىتابنىڭ

40 ئورخۇن دەرياسى: http://en.wikipedia.org/wiki/Orkhon_River

41 تۈركىيە ترت هابەر ئاگېنتلىقى خەۋىرى موڭغۇلىيەدە ئۇيغۇرلارغا ئائىت مازار
(Moğolistan'da Uygurlara Ait Mezar):
http://www.trt.net.tr/Haber/HaberDetay.aspx?HaberKodu=32574266-a5f6-45ae-a165-906ab76e2a83

42 "ئۇيغۇرلار كىم ۋە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتى نىمىنى بىلدۈرىدۇ؟"
[Who are the UYGHURS and what is the PEN?] By G Mend-Ooyo Mongolian poet and writer:
http://www.uyghurpen.org/uyghurs-and-pen.html

43 ئۇيغۇر ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ئوردۇ بالىلىق (شەھەر بالىلىق) شەھىرى توغرىسىدا:
http://en.wikipedia.org/wiki/Ordu-Baliq

44 ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ "تۈركىي تىللار دىۋانى" -10 كىتابىدا "بالىلىق" سۆزىنىڭ "شەھەر" دېگەن مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئاپتوردىن.
45 "ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى": http://www.uyghurpen.org/Orkhun-Uyghur-Khanliqining-qisqiche-tarixi.pdf

46 موڭغۇل ئىسمىنىڭ كېلىپ چىقىشى:
http://www.mongolianviews.com/2009/07/meaning-of-name-mongolia.html

47 دامدىن سۈكھباتار نىڭ تەرجىمھالى: http://en.wikipedia.org/wiki/Damdin_Sükhbaatar

48 موڭغۇلىيەدىن ۋەتىنىگە قايتقان ئۇيغۇرلار؛ ئاپتورى ئابدۇراخمان ئەبەي. باغداش تور بېكىتىنىڭ مۇنبەر سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالە ئەسلى "شىنجاڭ" مەدەنىيىتى ژۇرنىلىنىڭ 2010 - يىلى 4 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

مەزكۇر ماقالىنىڭ باغداش توربېكىتىدىكى تور ئادرېسى :
http://www.uyghurensemble.co.uk/en-html/Mungghuliyedin_wetinige_qaytqan_uyghurlar.pdf

[49] "ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كىملىكى توغرىسىدا" [Uyghurs and Uyghur Identity by Dolkun Kamberi]; Sino-Platonic Papers, 150 (May, 2005): http://www.sino-platonic.org/complete/spp150_uyghurs.pdf

[50] مەزكۇر ماقالە 2011 - يىلى نويابىر كەمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىچكى ئاسىيا تەتقىقاتى ژۇرنىلىدا دوكتور رەيچېل ھاررىس بىلەن بىرلىكتە "نەزىرگە تەكلىپ: ئۇيغۇر توربەتچىلىكىگە بىر نەزەر" دېگەن نام بىلەن نەشردىن چىقتى:

'Invitation to a Mourning Ceremony': Perspectives on the Uyghur Internet. Authors: Rachel Harris & Aziz Isa. Published by Inner Asia Studies of Cambridge University. Inner Asia, Volume 13, Number 1, 2011 , pp. 27-49(23) Publisher: BRILL

https://www.jstor.org/stable/24572134

[51] ماقالىدا ئېلىپ بارىدىغان نېگىزلىك مۇلاھىزە شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) دىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىنتېرنېت قوللىنىشى، ئۇيغۇر توربەتچىلىك تەرەققىياتى ۋە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ يۈرگۈزۈۋاتقان ئىنتېرنېت ئۈچۈر ئالاقىلىرىنى تەقىبلەش سىياسەتلىرى قاتارلىق ئەھۋاللار 2009 يىلى يۈز بەرگەن "5 ئىيۇل ئۈرۈمچى ۋەقەسى" گە باغلىنىپ مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدىغىنلىغى ئۈچۈن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر توربېكەتلىرى مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاساسلىق تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىنمىدى ئاپتوردىن.

[52] Berners-Lee بىرىتانىيەلىك كومپيۇتېر ئالىمى ۋە ئىنژېنېر. ئۇ 1955 يىلى 8 يانۋار ئەنگلىيەدە تۇغۇلغان.
Berners-Lee was born in London, England, on 8 June 1955. he first web site built was at CERN, and was first put on line on 6 August 1991
http://en.wikipedia.org/wiki/Tim_Berners-Lee

[53] ئۇيغۇرلار ۋە ئىنتېرنېت. ئوغلان ئەھمەت تەرىپىدىن ياھوو "ئۇيغۇرلار خەت ئالاقە گۇرۇپپىسى" غا ئېلخەت ئارقىلىق 2003 يىلى 6 ئاينىڭ 23 كۈنى يوللانغان. مەنبەسى:
http://groups.yahoo.com/group/uygurlar/message/3384

[54] ئىنتېرنېت تور ئارخىپى 1996 يىلىدىن هازىرغا قەدەر پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 150 مىلياردتىن ئارتۇق توربېكەتلەرنىڭ ئارخىپى ئىزدىيەلەيسىز .

Web Archive Browse through over 150 billion web pages archived from 1996 to a few months ago: http://www.archive.org/web/web.php

[55] توربېكىتىنىڭ 2000 يىلى7 ئاينىڭ1 كۈنىدىكى دۇنيا ئىنتېرنېت تور ئارخىپىدىن كۆرۈنۈشى
http://web.archive.org/web/20001018132112/makanim.com/uighur/indexuy.html

[56] ئۇيغۇرسوفت توربېكىتىنىڭ 2000 يىلىدىكى دۇنيا توربېكەتلەر ئارخىپىدىكى كۆرۈنۈشى
http://web.archive.org/web/20001010112105/www.uighursoft.com/

[57] ئۇيغۇرلار ۋە ئىنتېرنېت. ئوغلان ئەهمەت تەرىپىدىن ياهوو ئۇيغۇرلار خەت ئالاقە گۇرۇپپىسىغا ئېلخەت ئارقىلىق 2003 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يوللانغان. مەنبەسى
http://groups.yahoo.com/group/uygurlar/message/3384

[58] ئۇيغۇرلار ۋە ئىنتېرنېت. ئوغلان ئەهمەت تەرىپىدىن ياهوو “ئۇيغۇرلار خەت ئالاقە گۇرۇپپىسى” غا ئېلخەت ئارقىلىق 2003 يىلى 6 ئاينىڭ 23 كۈنى يوللانغان. مەنبەسى
http://groups.yahoo.com/group/uygurlar/message/3384

[59] سەبىيلەر توربېكىتى 2002 ـ يىلى10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىكى كۆرۈنۈشى
http://web.archive.org/web/20020204091015/http://www.sabilar.org/

[60] شىنجاڭ تېلېۋىزىيە قانىلىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىشى “چىن يۈرەكتىن چىن سۆزلەر” پروگراممىسىدا ئېلىپ بېرىلغان “ئۇيغۇر توربېكەتلىرى هەققىدە سۆهبەت”. بۇ پروگراممىدا ئۇيغۇر توربەتلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى، نۆۋەتتىكى تەرەققىياتى ۋە قانداق قىلغاندا ئۇيغۇر توربېكەتلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا دىيارىم توربېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى دىلشات پەرهات ۋە مەيىنشامال توربېكەتنىڭ قۇرغۇچىسى نۇرئەلى ئوبۇل بىلەن ئېلىپ بارغان سۆهبەت :
http://www.youtube.com/watch?v=JQLcDD3NBH4

[61] پەن ئامېرىكا خەۋىرى: “5 ـ ئىيۇل ۋەقەسى” دىن كېيىن 2009 ـ يىلى ئاۋغۇستتا قولغا ئېلىنغان 3 ئۇيغۇر توربېكەت باشقۇرغۇچىسىغا هۆكۈم ئېلان قىلىندى. ئايرىم ئايرىم هالدا دىيارىم توربېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى دىلشات پەرهات 5 يىللىق، سالقىن توربېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى نۇرئەلى 3 يىللىق ۋە شەبنەم توربېكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى نىجات ئازاد 10 يىللىق قاماق جازاسىغا هۆكۈم قىلىندى. بۇ 3 ئۇيغۇر توربېكەتلىرى شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈنلەي تاقالدى:
http://www.pen.org/viewmedia.php/prmMID/5236/prmID/1610

[62] دىيارىم توربېكىتىنىڭ دۇنيا تور ئارخىپى (ۋەب ئارچىۋە) دا ساقلانغان 2003 - يىلى10- ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى كۆرۈنۈشى :
http://web.archive.org/web/20031013132315/http://www.diyarim.com/

[63] خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى: ئۇيغۇر توربېكەت باشقۇرغۇچى تەن جازاسىغا ئۇچراش خەۋپى ئاستىدا:
UA: 262/09 Index: ASA 17/056/09 China Date: 30 September 2009. URGENT ACTION. Uighur Website editor at risk of torture: Dilixiati Paerhati :
http://www.amnesty.org/en/library/asset/ASA17/056/2009/en/c4679695-04f7-49c5-a067-f33346e7458e/asa170562009en.html

[64] Wikipedia: http://en.wikipedia.org/wiki/Ilham_Tohti

[65] BBC خەۋىرى: خىتاي Youtube ۋىدىيو توربېكىتىنى تاقىۋەتتى
China 'blocks YouTube video site' : http://news.bbc.co.uk/1/hi/7961069.stm

[66] يېڭىساردا دېھقان بولماق تەس” يېڭىسار پەوپلە 1 بۆلەك (جەمئىي 8 بۆلەك)
http://www.youtube.com/watch?v=wklYvnVXb78&NR=1
يېڭىسار دېھقانلىرىنىڭ ئاۋازى ئەرزدار ھېكىم سېيىت بىلەن سۆھبەت :
http://www.rfa.org/uyghur/programmilar/insan_heqliri/erizdar-hekim-siyit-sohbet-01242009051100.html/story_main?encoding=latin

[67] خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىدە ئىنتېرنېتنىڭ چەكلىنىشى
in the People's Republic of China: Internet censorship
http://en.wikipedia.org/wiki/Internet_censorship_in_the_People's_Republic_of_China

[68] دۇنيا ئىنتېرنېت قوللانغۇچىلار ستاتىستىكىسى 30 - ئىيۇن 2010-.
World Internet User Statistics were updated for June 30, 2010:
http://www.internetworldstats.com/top20.htm

[69] "Proxy" مۇلازىمىتى ھەققىدە چۈشەنچە:
Proxy server: http://en.wikipedia.org/wiki/Proxy_server

ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يېڭى تېخنىكا ئارقىلىق خىتاينىڭ ئىنتېرنېت توسقۇنلۇقىنى بۆسۈپ[70] ئۆتمەكچى:
U.S. Government Slips Through China Internet Censors With New Technology:
Read more: http://www.foxnews.com/politics/2011/02/05/government_slips_china_internet_censors_new_technology/ _ ixzz1DNJo00SL

ئۇيغۇر Yahoo خەت ئالاقە گۇرۇپپىسى: ئۇيغۇر خەت ئالاقە گۇرۇپپىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ يەتتە[71] يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن (2000 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 كۈنى 2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى:
http://dir.groups.yahoo.com/group/uygurlar/message/6131

ئۇيغۇر كۇيى لوندوندا ياڭرىدى. بۇ خەۋەر دىيارىم توربېكىتىدە 2009 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ[72] 27 ـ كۈنى بېرىلگەن. خەۋەر ھازىرغىچە جەمئىي 45،000 قېتىمدىن ئارتۇق كۆرۈلگەن. مەزكۇر خەۋەر دىيارىم توربېكىتىدە 2009 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۆچۈرۈلدى: http://www.uyghurensemble.co.uk/en_html/u_uyghur_kuyi_londonda.html; http://www.uyghurensemble.co.uk

قوشۇمچە ئۇيغۇر سەنئىتى لوندون سەھنىلىرىدە:[73]
http://www.uyghurensemble.co.uk/en_html/u_uyghur_ansambili2006.html

ئۇيغۇر ئامېرىكا جەمئىيىتى گۇاڭدۇڭدىكى زاۋۇتتا يۈز بەرگەن ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش[74] ۋەقەسىنى ئەيىبلەيدۇ:
Uyghur workers at Guangdong factory: UAA condemns killing of
http://www.uhrp.org/articles/2353/1/UAA_condemns_killing_of_Uyghur_workers_at_Guangdong_factory_/index.html

ئەنگلىيەدە چىقىدىغان "مۇھاپىزەتچىلەر" (Guardian) گېزىتىدە ۋە توربېكىتىدە بېرىلگەن[75] خەۋەرگە قارالسۇن:
[...ئۆز ئىسمىنى بېرىشنى خالىمىغان بىر خەن (خىتاي) نىڭ ماڭا ئېيتىشىچە 'بۇ ھۆكۈمەت (ۋەقەدە) ئۆلگەنلەرنىڭ سانى توغرىسىدا يالغان ئېيتىۋاتىدۇ.' بۇ خەن (خىتاي) ئاز دېگەندە 8 ئۇيغۇرنى ئۆلتۈرۈۋشكە ياردەملەشكەنلىكىنى، ئۇيغۇرلارنى تاكى ۋارقىرىغان ئاۋازى توختىغۇچە ئۇرغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ پەرىزىچە بۇ ۋەقەدە ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ ئاز ساندىكى خىتايلارنىمۇ قوشۇپ ھېسابلىغاندا 30 دىن ئارتۇق ئادەملەر ئۆلگەن. ئۇ خەن (خىتاي) يەنە مۇنداق دەيدۇ "ھۆكۈمەتنىڭ خەۋىرىدە ئىككى ئۇيغۇر ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ شۇنداق ئاچچىقىم كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ باشلىرىدىن قان چىپچىراپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇرسام، قاندىقسىغا ئۇلار ئۆلمىسۇن؟"] . ئەسلى ئىنگلىزچە خەۋەر:

"...the Han man – who gave no name – said the government was lying about the death toll. He claims he helped to kill seven or eight Uighurs, battering them until they stopped screaming. He thinks the death toll is more than 30, including a few Han. "When I see the news and they say only two people died, I am so angry. That must be wrong. How can they not be dead? I saw their heads bleeding."
http://www.guardian.co.uk/world/2009/jul/10/china-riots-uighurs-han-urumqi

[76] ئۈرۈمچى 7.5 زوراۋانلىق ۋەقەسى
Ürümqi 7·5 Violent Incident:
http://en.wikipedia.org/wiki/July_2009_%C3%9Cr%C3%BCmqi_riots

[77] ختايدا 6 ئاي ئىنتېرنېتنىڭ ئۈزۈۋېتىلىشى دۇنيا بويىچە كۆلىمى ئەڭ زور ۋە ۋاقتى ئەڭئۇزاق بولغان ئىنتېرنېتنى چەكلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ:
"6 Months Without Internet in China Considered World's Largest, Longest Blackout": http://cnsnews.com/news/article/60068

[78] نيۇ يورك ۋاقتى گېزىتى: ئۇزاق ۋاقىت چەكلەنگەندىن كېيىن ئىنتېرنېت ختاينىڭ غەربىي شىمالدا قايتا پەيدا بولدى. 14 - ماي 2010 - يىلى:
The New York Times: "After Long Ban, Western China Is Back Online". May14, 2010
http://www.nytimes.com/2010/05/15/world/asia/15china.html

[79] "ئادالەت، ئادالەت" 2009 - يىلى ئىيۇل ختاينىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن نارازىلىق ھەرىكەتلەر. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى:
China: "Justice, justice": The July 2009 protests in Xinjiang, China:
http://www.amnesty.org/en/library/asset/ASA17/027/2010/en/6d1f0a1a-f04e-49ee-9c8b-7559c080ca93/asa170272010ug.pdf

[80] ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆزىتىش:
Central Asian Survey online publication (30 March 2010). Introduction: Does the 2009 Urumchi violence mark a turning point? – by James A. Millward

[81] ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش تەشكىلاتى "بىز ھەتتا ئۇلارغا قاراشقىمۇ جۈرئەتقىلالمىدۇق"
Human Rights Watch –[We Are Afraid to Even Look for Them:
http://www.hrw.org/en/reports/2009/10/22/we-are-afraid-even-look-them

[82] ئەركىن ئاسيا رادىئوسى: 5 - ئىيۇل ۋەقەسىنىڭ يەنە بىر يېرىم يىل سىن خاتىرىسى ھەققىدە. 2009 - يىلى 12 - ئاينىڭ11 - كۈنى :

http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/Urumqi-weqesi-vidiosi-12112009195356.html?encoding=latin

[83] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى. 2009 - يىلى 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى: 5 - ئىيۇل كېچىسىدىكى قىرغىنچىلىق:
http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/5-iyul-qirghinchiliq-07142009220020.html/story_main?encoding=latin

[84] خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى
http://www.amnesty.org/en/library/asset/ASA17/027/2010/en/6d1f0a1a-f04e-49ee-9c8b-7559c080ca93/asa170272010ug.pdf

[85] ئوتتۇرا ئاسىيانى كۆزىتىش
Central Asian Survey online publication (30 March 2010). Introduction: Does the 2009 Urumchi violence mark a turning point?- by James A. Millward

[86] چېگراسىز مۇخبىرلار تەشكىلاتى 2009 - يىلى 29 - ئۆكتەبىر مەخسۇس ئۇيغۇر توربېكەتلىرىنىڭ هازىرقى دۇنيا توردىكى ئەھۋالى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئەسلى مەنبە:
Reporters Without Borders has surveyed access to websites dedicated to the Uyghur community, including sites in the Uyghur language, in Mandarin and sometimes in English. These sites, operated by Uyghurs for Uyghurs, are for the most part inaccessible both to Internet users based in Xinjiang and those abroad. More than 85 per cent of the surveyed sites were blocked, censored or otherwise unreachable: http://en.rsf.org/china-survey-of-blocked-uyghur-websites-29-10-2009,34859

[87] "ئادالەت، ئادالەت" 2009 - يىلى ئىيۇل ختايىنىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن نارازىلىق ھەرىكەتلەر. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى:
China: "Justice, justice": The July 2009 protests in Xinjiang, China
http://www.amnesty.org/en/library/asset/ASA17/027/2010/en/6d1f0a1a-f04e-49ee-9c8b-7559c080ca93/asa170272010ug.pdf
30 - بەتلەر

[88] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خەۋىرى:

RFA news: Uyghur Web Moderators Get Life 2010-08-08: “ Salkin were arrested over July 5. We can estimate that if we add in the moderators of the other two

major Uyghur websites, Diyarim and Shebnem, at least 300 Web moderators [must be] detained and jailed in the Uyghur region now." http://www.rfa.org/english/news/uyghur/sentence-08082010190802.html

[89] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خەۋىرى:
RFA news: Uyghur Web Moderators Get Life 2010-08-08:
http://www.rfa.org/english/news/uyghur/sentence-08082010190802.html

[90] ئادالەت، ئادالەت" 2009 - يىلى ئىيۇل خىتاينىڭ شىنجاڭدا يۈز بەرگەن نارازىلىق ھەرىكەتلەر. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى:
China: "Justice, justice": The July 2009 protests in Xinjiang, China
http://www.amnesty.org/en/library/asset/ASA17/027/2010/en/6d1f0a1a-f04e-49ee-9c8b-7559c080ca93/asa170272010ug.pdf

[91] ئامېرىكا قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ چاقىرىقى:
PEN American Center: “Appeal : Gheyret Niyaz, Dilshat Perhat, Nureli, and Nijat Azat” August11, 2010
http://www.pen.org/viewmedia.php/prmMID/5236/prmID/1610

[92] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خەۋىرى: دىيارىم' تورىنىڭ قۇرغۇچىسى دىلشات پەرھاتنىڭ سوتلىنىش ئەھۋالى:
2010-09 - http://www.rfa.org/uyghur/programmilar/insan_heqliri/diyarim-dilshat-perhat-09152010192217.html?encoding=latin

[93] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خەۋىرى:
1/11/2009 - http://www.rfa.org/english/news/uyghur/journalist-11012010101314.html

[94] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خەۋىرى: ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت دائىرىلىرى غەيرەت نىيازنى سوتلىماقچى:
http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/gheyret-niyaz-07192010224429.html/story_main?encoding=latin

[95] ئەركىن ئاسىيا رادىئوسى خەۋىرى: غەيرەت نىياز ئۈستىدىن يېپىق سوت ئېچىلدى:
2010-07-23 - http://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/gheyret-niyaz-07232010193117.html?encoding=latin

[96] ئۇيغۇر ژۇرنالىستقا مۇددەتسىز قاماق جازاسى بېرىلدى:
Uyghur Journalist Handed Life term http://www.uyghurpen.org/news_id11.html

[97] ئامېرىكا قەلەمكەشلەر مەركىزىنىڭ چاقىرىقى:
:PEN American Apeal: Gheyret Niyaz, Dilshat Perhat, Nureli, and Nijatzat
http://www.pen.org/viewmedia.php/prmMID/5236/prmID/1610

[98] خەلقئارا قەلەمكەشلەر ئۇيغۇر مەركىزى : http://www.uyghurpen.org/uyghurche.html
ياكى http://www.uyghurpen.org. ئۇيغۇرچە: “دۇنيا كىشىلىك هوقۇق خىتابنامىسى ”:
http://www.ohchr.org/EN/UDHR/Documents/UDHR_Translations/uig.pdf

[99] 2010 ـ يىللىق نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنىڭ ساھىبى خىتاي ئۆكتىچى لىۇ شياۋبو :
http://en.wikipedia.org/wiki/Liu_Xiaobo

[100] "دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى":
- The Universal Declaration of Human Rights was presented to the United Nations General Assembly at the Palais de Chaillot in Paris, and was adopted on the 10th of December 1948 by 48 Member States:
http://www.un.org/en/documents/udhr/index.shtml

[101] دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى” ئۇيغۇرچە:
http://www.ohchr.org/EN/UDHR/Documents/UDHR_Translations/uig.pdf

[102] "دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى خىتابنامىسى" غا ئىمزا قويغان دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى:
Eleanor Roosevelt (United States of America), René Cassin (France), Charles Malik (Lebanon), Peng Chun Chang (China), Hernan Santa Cruz (Chile), Alexandre Bogomolov/Alexei Pavlov (Soviet Union), Lord Dukeston/Geoffrey Wilson (United Kingdom) William Hodgson (Australia) and John Humphrey (Canada). See:
http://www.un.org/rights/50/game.htm#2 ;
http://en.wikipedia.org/wiki/Human_rights

[103] خەلقئارالىق ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي هوقۇق ئەھدىنامىسى:
International Covenant on Civil and Political Rights:
http://en.wikipedia.org/wiki/International_Covenant_on_Civil_and_Political_Rights

[104] ئىرېلاندىيە تىلى بىرىتانىيەنىڭ  باشقۇرۇشى ئاستىدا 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئاجىزلاشقا قاراپ يۈزلەندى:
Irish language began to decline under British rule after the seventeenth century:
http://en.wikipedia.org/wiki/Irish_language.
http://en.wikipedia.org/wiki/Scottish_Gaelic

# تۈگىدى

# 2012

www.uyghurpen.org



## قەلەمگە

بەس قەلەم، كۆزگەن مۇقامغا يورغىلاتتىڭ توختا سەن،
بارنى سۆزلە، ھەقنى كۈيلە، سەبىسەتلەر ساتما سەن.
نەكبەرەك يوق نەرسىلەردىن باش قاتۇرماي شۈنجىلىك،
سايلىقىڭنى بۇلغىتىپ، ياشلار ئاققۇزماي شۈنجىلىك.

مەن سېنى كۆرەش ئۈچۈن قىيدىم بوۋامنىڭ تېغىدا،
بول ماڭا ئۆتكۈر قىلىچ ياتما مەزلۇملۇق قىنىدا.
قەغەزىم ئۈستىدە ماڭساڭ، كۆتكىنىمدەك تېز ياسا،
ھەر چېكىتتە ھۆرىيەت- ئىستىقبالغا ئىنگىز ياسا.

كۆيلە تاغ باشىدا بولساڭ، تاغۇ - تاشلار تىترىسۇن،
ھەيۋەتىڭدىن ئەزگۈچى ھاكىم سىنىپ قان يىغلىسۇن!
قەغەز ئۈستىگە ئەمدى چۈشمىگەي ياش ئىنژىلەرىڭ،
خوش - خوش ئېيتىپ، گەتسۇن ئەمدى بۇ يىغىچان گەزلەرىڭ.

مەن سېنى ماۋزۇقىلىپ، چوڭ چەك ئۈچۈن ئاتىدىم،
بىر كېچە گويا خىيالدا ياۋ كۆزىگە قادىدىم.
چەندە يەڭگۈچ قەبرىمە «لەۋھە» بولۇپ ياتماقچىسەن،
تونلىرىمنى كۈن ياساپ، گۆھەر كەبى ياتماقچىسەن.

قېنى ئەمدى كۆيلىگىن ئەسرىمگە لايىق ناخشىنى،
مەنمۇ تاللاپ يۈرمەيمەن سەندىن بۆلەك بىر ياخشىنى.

- ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

ISSN: 1652-0165